ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي)

# ھەسەتخورلار



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



شائىر، كومپوزىتور ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي) 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەلپىن ناھىيەسىدە مەرىپەتپەرۋەر زات ئابدۇراخمان ئامان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1956 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1964 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلىغىچە (14ياش ۋاقتىدىن باشلاپ) كەلپىن ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىدە مۇزىكانت بولۇپ ئىشلىگەن. 1969 ـ يىلى سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلىپ ، 1973 ـ يىلىغىچە يېزىغا چۈشۈپ دېھقان، يېزىلىق كىنو ئەترىتىنىڭ كىنو قويغۇچىسى،تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن.

ياخشىلارنىڭ يولىغا ھالڭ-ئورىلار قازغان ھەسەت،
تۆھمىتى - غەيۋەتلىرىنى  ناغرا قىپ چالغان ھەسەت.

شان قۇچۇپ ماڭسا بىراۋلار، ھەر قەدەم ئىلگىرىلىسە،
كەينىدىن شۇملۇق پىلانلاپ، ئەگىشىپ ماڭغان ھەسەت.

تۇرغۇسى كەلمەيدۇ جىمجىت، بولسا يۇرت ئەمىنلىكى،
ئۆم - ئىناقلىق باغلىرىغا، زاغ بولۇپ قونغان ھەسەت.

ئىت كەبى كارۋانغا ھاۋشىپ ئۆتمىكى ئادەتمىكىن،
پەيلى شۇملار كۆڭلىدە جاي - چاڭگىنى تىزغان ھەسەت.

پىتنە - تۆھمەت، مەردنى مەنزىل يولىدىن توسقان قاچان،
ئەمدى توختات غەيۋەتىڭنى لەنەتكە قالغان ھەسەت.

«ھەسەت» ناملىق شېئىردىن ئېلىندى.



ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي)

# ھەسەتخورلار

(ساتىرىك شېئىرلار)



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
嫉妒：维吾尔文/阿不都外力·热合曼著.－乌鲁木齐：新疆大学出版社，2011.4
ISBN 978－7－5631－2467－1

I.①嫉… II.①阿… III.①讽刺诗－诗集－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）IV.①I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第047185号

责任编辑：阿不里米提·卡德尔
责任校对：阿达来提·牙合甫

# 嫉妒

（讽刺诗集）

阿不都外力·热合曼 著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号 邮编:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
开本:880mm×1230mm 1/32 8印张
2011年4月第1版 2011年4月第1次印刷

ISBN 978－7－5631－2467－1
定价：22.00元



ٴاپتور ٴىجادىيەت ٴۇستىندە



ٴاپتور پىشقەدەم ٴەدىب، جامائەت ٴەربابى توختى سابىر بىلەن بىللە



ئاپتور پېشقەدەم مائارىپچى، شائىر ئەھەت ئامان بىلەن بىللە



ئاپتور ئاتاقلىق شائىر، تەرجىمان ئىمىن ئەھمىدى بىلەن بىللە




ئاپتور ئەدەبىي تەرجىمان، تەتقىقاتچى تەلئەت ئىبراھىم بىلەن بىللە



ئاپتور «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر
مىجىت تۇرسۇن بىلەن بىللە



ئاپتور ياش شائىر، يازغۇچى ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى بىلەن بىللە



ئاپتور ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە

# ئاپتوردىن

مېنىڭ بۇ چەت تاغلىق يۇرتتا تۇغۇلۇپ ياشاۋاتقىنىمغا يېرىم ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت بولۇپ قالدى. مېنىڭ باشقا قەلەمداشلاردەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىم، دىپلومۇم يوق.

جەمەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىزدە ئەدەبىيات - سەنئەتكە ھېرىسمەنلىك ئىرسىيىتى بار ئوخشايدۇ دەيمۇ قالىمەن. چۈنكى بوۋامنىڭ دادىسى توختاخۇن قازى ۋە بوۋام ئىمانقۇلى خەلپىتىمنىڭ خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، تاغام ئەھەت ئامانىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. ئەمدى بۇ «ئوت»نىڭ ماڭا تۇتاشقانلىقى دەل شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك.

مەن 14 ياش ۋاقتىمدىن باشلاپ ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ تا ھازىرغىچە مۇزىكانت، دېھقان، ئوقۇتقۇچى، يېزا باشلىقى، ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. خەلقىم بىلەن جاپالىق تۇرمۇش قايناملىرىدا بىللە قايىندىم. بۇ جەرياندا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدا كۆرگەن، ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىمنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدىم. ئىجادىيەت تۇرمۇشتىن كېلىدۇ دېگەندەك، بۇ مەزگىللەردە شېئىرىي ئىجادىيەتكە ئىنتىلىپ ئادەملەرنىڭ شادلىقى، قايغۇسىغا تەڭ شېرىك بولۇشنى ھەۋەسكارلىق بۇرچۇم دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ دەردى، پىكرى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، پەردازسىز، دەل ئەكس ئەتتۇرۇشكە تىرىشتىم.

مەن كۆپرەك ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ يولدا بەزىلەرنىڭ دوقلىرىغىمۇ دۇچ كەلدىم. لېكىن چۆچۈپ كەتمىدىم. ئەكسىچە ساتىرامنىڭ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنلىكىدىن تولىمۇ پەخىرلەندىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، بىر پارچە ساتىرا بىر تال نەيزە. ئۇ كىشىلەردىكى چىرىكلىك، ئاچ كۆزلۈك، قۇۋۇلۇق، پىتنىخورلۇق، ئىناقسىزلىق، ئىسراپچىلىق، ھەشەمەتچىلىك، ھورۇنلۇق، ئەخلاقسىزلىق، خۇشامەتچىلىك، شەكىللۋازلىق قاتارلىق رەزىل ئىللەتلەرگە شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ ۋە پاك، ئادىل، ھەققانىي، سەمىمىي، ئەخلاقلىق، دۇرۇس كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئەسەرلىرىم بۇ نۇقتىغا يېقىنلاشسا ئىنتايىن رازى بولاتتىم...

# كىرىش سۆز

## 1

مەۋجۇدىيەت سەپىرىدە ئۇچرىغانلىقى تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن مەنە ئىزدەشكە خۇمار بولغان ئادەم چىن مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى سەنئەتكە بېغىشلىغان «نامسىز» سەنئەتكار! ئۇ 55 يىلدىن ئارتۇق ھايات سەرگۈزەشتىسىدە خاراكتېرىدىكى سالماقلىق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى سوغۇق قانلىقنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ھاياتنى، سەنئەتنى، تۇرمۇش ھەم ئىجادىيەتنى ھارارەتلىك يۈرىكىدە قىزغىن سۆيۈپ، رايونىمىز سەنئىتى، جۇملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى!

كېچىنىڭ جىمجىت قاراڭغۇلۇقىدا، كۈندۈزنىڭ تىنىق ھەم شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدە، سەھرانىڭ پاكىز ھەم ھالال سەھەرلىرىدە، بەختكە چۆمگەن ئائىلىسىدىكى شېرىن دەقىقىلەردە سەنئەتكارغا خاس مەنىۋى قىياپەت بىلەن سەنئەت ئىشقىدا ئوت بولۇپ ياندى. ئۇ شېئىر بىلەن مۇزىكىنى، تۇرمۇش بىلەن ئېپىزوتنى، ھەققانىيلىق بىلەن خىزمەتنى، كومپوزىتورلۇق بىلەن قىسمەتنى بىر ماھىر مونتاژغا ئوخشاش بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزگىلەر بىلەن «ئوقۇر» تالاشمىغان ئوتتۇرا تەپەككۇرلۇق سەنئەتكارغا ئايلاندى. ئۇ ھاياتلىق ئالىمىدە رەقىبىگە ئىنساب، دوستىغا نۇسرەت تىلەش بىلەن بىرگە، بارلىق ئادەملەردىن ئۆز

مەنىسىگە تويۇنغان چىن دوستلۇق، ئوتلۇق مۇھەببەت، ئىنسانىي كامالەتكە ئۇلتاشلىق كەيپىيات ئىزدىدىكى، بىرمۇ ئادەمدىن ئۆز شەخسىيىتىگە چوڭ تارتمىدى. ئۇنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ناخشا تېكىستى، مۇزىكا، ئېپىزوت، پۇبلىستىك ماقالە، ساتىرىك ئەسەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل كۆپ لىنىيە ھەم كۆپ قىرلىقنى خىزمەت ھاياتىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىش تەقسىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. 20 يىلدىن ئارتۇق سەنئەتكە بېغىشلانغان سەھنە ھاياتى ئۇنى بالا سەنئەتچىدىن قابىل سەنئەت تەشكىلاتچىسىغا ئايلاندۇردى.

ئۇ بۇ جەريانىدا «كەلپىن ئۆرۈكى»، «سۆيدۇم»، «كۈندە باھار»، «رازىيە»، «گۈلساربخان» قاتارلىق 250 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا، ئېيتىشىش، لەپەر، ئۇسسۇللۇق ناخشا تېكىستلىرىنى يازدى ھەم مۇزىكىسىنى ئۆزى ئىشلىدى. «قۇدىلار سۆھبىتى»، «مېيىپلار رېستوراندا»، «ساۋاتسىزنىڭ سالام خېتى» قاتارلىق 70 پارچىدىن ئارتۇق ئېتوت - ئېپىزوتلارنى يېزىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سەھنىگە چىقىرىپ، ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل ۋە ئەلنەغمە سەنئىتىگە تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى، ئۆز ئىجادىي ناخشىلىرى ئاساسىدا كەسپىدىشى غېنى ھامۇت بىلەن بىرلىشىپ «ئەقىدەم شۇ» ناملىق VCD، ئۈنئالغۇ ناخشا پىلاستىنكىسى نەشر قىلدۇرۇپ كۆرۈرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلىگەن 20 يىل جەريانىدا مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن 22 قېتىم مۇكاپاتلاندى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. بىزنىڭ پۇتكۇل ھۆرمەت تۇيغۇمىزنى ئۆزىگە قارىتىۋاتقان بۇ ئادەم كىم؟ بۇ ئادەم تۆت

ئەتراپى كۆيۈك تاغلار بىلەن قورشالغان، سىرتىدىن قارىغاندا كىشىگە دىماغىنى ئاچچىق قىلىدىغان چۆل پۇرىقى بىلەن تولغان، ئەپسانە ـ رىۋايەت تۇسى قويۇق، تاغ بۇلاق يۇرتى ـ كەلپىندە ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىب ھەم سەنئەتكار ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي) دۇر!

ـ ھەقىقىي مەنىدىكى سەنئەتكارغا ئايلىنىش ئۈچۈن بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيەۋى بىلىملەرنى ئىگىلەش بەكمۇ مۇھىم ئىكەن. مەن مۇشۇ كۆنلەردە ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتىمنى ئەسلەپ ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ـــ دەيدۇ 55 يىلدىن ئارتۇق ھاياتىدىن كەمتەرانە خۇلاسە چىقارغان ئەدىب ھەم سەنئەتكار ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي) ئىنى دوستى كەمىنە مۇئەللىپكە.

ئىچكى قاتلىمىغا چوڭقۇر سەمىمىيەت يوشۇرۇنغان بۇ سۆز شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئەدىبلىكىدىن كۆرە، ئادىمىيلىك ساپاسىنىڭ قانچىلىك ۋەزىندە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، مۇھىمى بىز ياشلارنىڭ ئادەملىك بىلەن ئادىمىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىمىزنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى يەنە ئىنچىكە ئويلىنىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا مىللىي ئەدەبىيات بىلەن مىللىي سەنئەتكە بولغان ئاشىقانە ھېسسىياتى چاقناپ تۇرىدۇ. تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «يازغۇچى مەتىمىن ھوشۇرغا ئوچۇق خەت» دېگەن ئەسىرىدە «سەمىمىيەت ـ ھەر بىر ھەقىقىي ئىنساندا، بولۇپمۇ پۈتۈن بىر مىللەت، پۈتۈن بىر جەمئىيەتكە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان سەنئەتكاردا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئالىي پەزىلەت» دەپ ئۆتتۈرغا قويۇپ، سەنئەتكار بىلەن سەمىمىيلىكنىڭ دىيالېكتىك

مۇناسىۋىتىنى يېڭىچە قىممەت قاراشقا ئىگە قىلىپ شەرھلەيدۇ.

دەرھەقىقەت، بىزدە ئەدىبلىك يولىنى تۇتقانلار بولۇپمۇ سەنئەت ساھەسىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ كەڭ ئاۋام قەلبىدىكى ئوبرازى قانچىلىك؟ بەزى سورۇنلاردا ئوقۇرمەنلەرنىڭ «بىر قىسىم ئەدىبلەرنى كۆرمەي ئۇلارنىڭ ئەسىرىنى كۆرگەن ياخشى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىزدە «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن بىر پەلسەپىۋى ھېكمەت بار. گەپنىڭ ھەقداسىنى ئېيتقىنىمىزدا، سەنئەتكارنىڭ ئەخلاقى ئاۋام ئەخلاقىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولۇشقا تېگىشلىككى، ھەرگىز تۆۋەن بولسا بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەنئەتكارغا تىكىلىدىغان كۆز جىق!... ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي) بۇ نۇقتىدا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتقان چىن ئىنسان ھەم ھەقىقىي مەنىدىكى سەنئەتكار!...

## 2

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىنىمسىز ئۆركىشىدە ھاسىل بولغان مەنىلەر خەزىنىسىدە ساتىرىك شېئىرلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. كۆپ قىرلىق ئىجادىيەت ئىشتىياقىغا ئىگە ساتىرىك شائىر ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي) نىڭ «ھەسەتخورلار» سەرلەۋھىلىك ساتىرىك شېئىرلار توپلىمى كۇندىن ـ كۈنگە رەڭدارلىشىۋاتقان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى گۈلزارلىقىدىكى ئۆزگىچە رىتىم، ئۆزگىچە رەڭ، ئۆزگىچە پۇراققا ئىگە قىلىنغان شېئىرىيەت مۇنبىرىمىزدىكى تونۇلغان شائىرلاردىن ئادەتتىكى ھەۋەسكارلارغىچە سوزۇلغان شېئىري تەپەككۇرلۇق مۇساپىدىكىلەر، جۇملىدىن دەۋرنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرىنى شېئىرىيەتتىن ئىبارەت تۈيغۇ ئەينىكىدە كۆرۈشكە

خۇمار بولغان ئوقۇرمەنلەر قاتلىمىغىچە ئەستايىدىل كۆرۈشكە، مۇلاھىزە قىلىشقا ھەتتا تەتقىقاتچىلار تۈرلۈك نۇقتىلاردىن ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بولغان توپلامدۇر!

ساتىرا ئەسلىي ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاۋام خەلقنى تەربىيەلەش مائارىپى!

ساتىرادا شائىر تەرىپىدىن پىششىقلانغان سەلبىي ئوبراز، چىن مەنىسىدىن قارىغاندا، بىز ساۋاق يەكۈنلەشكە تېگىشلىك «تەجرىبە ئېتىزى».

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىز ھايات تىزگىنىڭىزنى ئەقىلدە كونترول قىلالامسىز ياكى ھېسسىياتتىمۇ؟ سىز ئەقىل تىزگىنىڭىزنى نېمىدە كونترول قىلماقچى بولسىڭىز مەنىلەر دېڭىزىدا ئۆز خاسلىقى بىلەن ئۆزگىچە نۇر چېچىپ تۇرغان «ھەسەتخورلار»غا ئىشتىراك قىلىڭ!...

چۇقانىڭ تېشىدا ئەمەس ئىچىدە ۋارقىراشقا كۆنۈپ قالغان مەسئۇلىيەتچان شائىر ئابدۇۋەلى راخمان تۇرمۇشقا بولغان سادىقلىقى بىلەن ئىجادىيەتكە بولغان سەزگۈرلۈكىدە ئۆزىنىڭ شائىرلىق مەجبۇرىيىتىنى سانغا ئەمەس، سۈپەتلىك ئەسەرگە بېغىشلىغان، خاسلىققا ئىرىشكەن شائىر. تۇرمۇش كۆزىتىشكە بولغان ئىنچىكىلىك ئابدۇۋەلى راخمان ساتىرالىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بېيىتتى. شائىر تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىدىنمۇ قانداق ياشاشقا بولغان ئۆگۈت شولىسىنى كۆرەلىدى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بىر ئاچچىق بار، بۇ «ئاچچىق» روشەنكى، سىياسىي تۈزۈلمىگە بولغان زەردە ئەمەس، بەلكى مەركەزنىڭ توغرا سىياسىتىنى ئۆز ئاۋازى بىلەن يەتكۈزمىگەن، تېخىچە ئىدىيەسىنى ئازاد قىلالمىغان بىر قىسىم «يەرلىك ئەمەلدار»لارغا

بولغان ئاۋام - خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرەتلىك ھېسسىياتى. شائىردىكى ئىنچىكىلىك تۇرمۇشتىكى ھەربىر رەڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن كېرەكلىك بولغان مەنە دۇردانىلىرىنى بايقاشتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ. ناۋادا سىز ئۇنىڭ باشقا ساتىرالىرىغا شۇڭغۇپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئېھتىمال ئۆزىڭىز ئويلاپ يېتەلمىگەن نۇقتىلاردىن ئاچچىق بىلەن تولغان ئۆزگىچە ھوزۇرغا ئېرىشمەي قالمايسىز!؟...

بىر ئۆمۈرلۈك ئازاب سالدى، ئەمەل خۇمارى،
تاما قىلسام نېسىپ بولماي بولدۇم بىچارە.
تولا قاتراپ ئەمدى كەتتى پۇتنىڭ مادارى،
بولۇپ قالدىم ھەسەتخورنىڭ شوڭا «ئىلغار»ى.
بويۇم يەتمەي ئۇزۇملەرگە، ئېغىز پۇرۇشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىلللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.
—— «قاندىكى ئىشكەن»دىن

خاراكتېر ـ ئىنسانىي مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى! ئىنسان مۇكەممەللىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھامان ئۆز خاراكتېرىنىڭ پىسخىك دوختۇرى، ئۆز خاراكتېرى ئۈستىدە كۈرەش قىلغۇچى، ئۆز خاراكتېرىنىڭ دىياگنوزچىسى بولالىغاندىلا، ئاندىن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى «كىر»لارنى تازىلاش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، توغرا بولغان خاراكتېرنى يۇكسەلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. بىز بۇ بىر كۇپلېت شېئىردىكى لىرىك ئوبراز «مەن»نىڭ روھىيەت ئالىمىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، روھىي «گۇمران» لىق بىلەن تولغان، ھايات ھەقىقەتلىرىنى ئۆز ئازغۇنلۇقى بىلەن چۈشىنىشكە كۆنۈپ كەتكەن، ئىنسانىي ھۆرمەت بىلەن ئىنسانىي قىممەتنى تامامەن روھىدىكى ئەخلەتكە كۆمۈپ تاشلىغان «ئەمەل قۇلى»نى

ئۇچرىتىمىز. بىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىساق، لىرىك ئوبراز «مەن»نىڭ ئەتراپىمىزدا كۆپلۈكىدىن، مۇنداق پىروتوتىپىنىڭ قەدەمدە بىر يولۇقۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ھەرگىز گۇمان قىلمايمىز. ھايات مەقسەتلىرىنى قايرىپ قويۇپ، بۇلغانغان خاراكتېرنىڭ ئۇنسىز قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇنداق «روھىي ئەخلەت» لەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئالغا پەقەت شائىرلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەت جاۋاب بېرىشى كېرەك.

يېزىپ چىقسام بۇ ئۆمرۈمدىن شۇكى خۇلاسەم:
ئىكەن بارلىق رەزىللىكلەر مەندە مۇجەسسەم،
مۇرادىم شۇ، ياخشىلارنى چايناپ يەۋەتسەم،
خەقنى تىللاپ يېزىپ داستان كۈندە ئېبەرتسەم،
ئەي خالايىق مەندە نىيەت شۇنداق چىگىشكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.
—— «قاندىكى ئىشكەن» دىن

پىرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ماكسىم گوركىي «ھەقىقەتنى سۆزلەش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ» دېگەن ئىكەن. قارىغاندا، ساتىرامۇ بارلىق شائىرلارغا نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغان ئىجادىيەت خاسلىقى ئوخشايدۇ. بىز نېمىشقا بۇنچە ئاچچىق سۆزلەشكە خۇمار بولۇپ قالدۇق؟ ھاياتقا بولغان مەسئۇلىيەت ئېھتىمال بىزنى شۇنداق سۆزلەشكە ئادەتلەندۇرگەندۇ؟!

بىزدىكى بىر پاجىئە شۇكى، تالاي ئاچچىق سۆزلەر ئېيتىلغان بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ بىزگە ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي، چىرايىمىزنىڭ كۈندىن - كۈنگە پارقىراپ تۇرۇشى! ... قاندىكى بۇزۇلۇش بىر دەۋرلىك روھىي چىرىكلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان

هادىسە ئەمەس. مۇھىمى، ئۇ ئىرسىيەت تەكرارلىنىشىغا ئىگە. بىز لىرىك ئوبراز «مەن» گە قانداق دىياگنوز قويىمىز؟ سوغۇق قانلىق بىلەن مۇلاھىزە ئېلىپ بارغىنىمىزدا، بۇ ئوبرازغا، مەزكۇر ئوبرازنىڭ پىروتوتىپىغا دىياگنوز قويۇشىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز روھىيىتىمىزنى، ئۆز خاراكتېرىمىزنى، ئۆز قەلب دۇنيارىمىزنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز مۇھىمدەك قىلىدۇ. چۈنكى خاراكتېر قۇرۇلۇشى ئىنسان مەۋجۇتلۇقىدا ئەڭ مۇھىم بولغان قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى. خاراكتېرنىڭ قان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنسان پىسخولوگىيەسىدىكى تۈپكى مەسىلە. كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن «قان» ئۆز ساپلىقى بىلەن ھاياتىمىزنى رەڭدار مەنىلەرگە پۈركىشى كېرەك. بىز شائىر كۆتۈرگەن بۇ قامچىنىڭ ئاۋازىدىن شائىرنىڭ ھاياتقا بولغان شائىرلارغا خاس مۇھەببىتىنى كۆرسەك، ئۆزىمىزگە قايتىپ كەلگىنىمىزدە ئۆز يۈرىكىمىزنىڭ قانغا تولغان ئاچچىق قىسمىتىنى سەزمەي قالمايمىز...

شائىرنىڭ تىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە شائىر ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققاني) جانلىق خەلق تىلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شېئىرنىڭ تەپەككۇر گىرادۇسى بىلەن ئاۋامنىڭ تەپەككۇر گىرادۇسىنى جىپسىلاشتۇرغان. شائىر نېمىشقا بۇ يولنى تۇتىدۇ؟ بىر نۇقتىدىن شائىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈمۈرلۈك ئوزۇق ئالغان بولسا، يەنە بىر نۇقتىدىن شائىر ئۆز ئەمگىكىنىڭ تەپەككۇر جەھەتتىن ئاۋام تەپەككۇرىنىڭ سىرتىدا قېلىشى، ئۆزى ياراتقان مەنە قىيامىلىرىنىڭ تەشنا دىللارغا ئۆز «تەمى» بىلەن سىڭەلمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تىل جەھەتتىكى شۇ خىل تاللاشنى تەقدىم قىلغان. قاراڭ:

چالا قويماي ھېچ ئۆينى، ئىشىك چەككەن باغاقلار،
بىر ـ بىرگە ئۇلىشىپ، زاپاس تەگكەن باغاقلار.

كۆپ قىسمىنى مائاشىنىڭ ئېلىپ كەتكەن باغاقلار،
ئىزا تارتىش ـ نومۇسنى تەرك ئەتكەن باغاقلار.

ئىشتىن كەلسەك تۇرۇپسەن، زەنجىرلەرگە قىسىلىپ،
كۆڭۈل ئاياپ يول ماڭدۇق، كەتتى ئاياغ تېشىلىپ.
نەگە بارار ھەشەمەت مۇنچىۋالا كېڭىيىپ،
نورماللىقنىڭ چېكىدىن ھالقىپ كەتكەن باغاقلار.
... ...

—— «باغاقلار» دىن

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بىز نەقىل ئالغان ئىككى كۇپلېت شېئىر «ھەسەتخورلار» دېگەن توپلامنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپسىلىشىشى، شائىر ياراتقان تىل مۇھىتى، رىتىمىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن ئۆرلىگەن شېئىريي ئاھاڭدارلىق... قاتارلىق تەرەپلەردە بىزنى تولۇق ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتىمىزكى، مەزكۇر توپلامدىكى ساتىرىك خۇسۇسىيەتكە تويۇنغان ھەرقانداق بىر شېئىر ياكى ھەرقانداق بىر كۇپلېت ۋەياكى ھەرقانداق بىر مىسرا، شېئىريي تىللىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە يۇقىرىدا بىز ئەسكەرتىپ ئۆتكەن ئەسكەرتمىدىن چەتنىمەيدۇ.

خوش، ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي) قانداق شائىر؟

بىز يا ئۇنداق، يا مۇنداق سۈپەتلەرنى بەرگىنىمىزدىن كۆرە، شائىرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزاھاتىنى ئاڭلاش بىلەن بۇ كىرىش سۆزنى خاتىمىلەشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

«تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» مەككارنى كۆرسەم،
نەزمەمنى تىغ ـ نەيزە قىلىپ ئامان قويمايمەن.

ئەمما سىخىي، كۆڭلى دەريا مەردانە بولسا،
مەن تەۋرەنمەس جىنىم بىلەن مەڭگۈ قوغدايمەن.
—— «مەن شۇنداق شائىر» دىن

«ھەسەتخورلار» بىزدىن ئەتراپلىق تەتقىقات تەلەپ قىلىدۇ. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ساتىرالار بىر - بىرىدىن ئاچچىق! شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بىر قىسىم شېئىرلار مۇئەييەن دەرىجىدە سەنئەتلىك نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان، بولۇپمۇ بىر قىسىم ئۇقۇملاشقان تىللار ئەسلىي مەنىسى بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ، شائىرنىڭ روھىي قاتلىمىدىن تويۇنغان سەنئەتلىك ھېسسىيات سۇمۇرەلمىگەن. ئىشىنىمىزكى، ئابدۇۋەلى راخمان بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە بۇ «نۇقسان» لارغا يول قويمايدۇ. يەنە كېلىپ كەڭ تەتقىقاتچىلارنىڭ ۋە باشقا ئىخلاسمەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەكلىپلىرى بولغىنىدا، ئۆز سەممىيىتىگە تېخىمۇ چۆكۈۋاتقان شائىر قوبۇل قىلماي قالمايدۇ!؟...

شاھىپ ئابدۇسالام نۇربەگ
2011 - يىل 1 - مارت

## مۇندەرىجە

يەرلىك مەھسۇلات ........................... 1
بىر مەستكە تېز سىزما ........................... 3
دوستۇمغا ........................... 4
ئەجەب زېرىكتىم «ئەتە كېلىڭ» دىن ........................... 5
ئەمدى يوق ........................... 7
تۆت كوچا ........................... 9
تۇيۇقسىز كەل «باھالاش» ........................... 10
قاندىكى ئىشكەن ........................... 12
سايلىغانمۇ؟ ........................... 18
ياشانغاننى ھۆرمەتلە ........................... 20
ئانامكەن ........................... 21
مەنمەنلىك ........................... 23
ئاداشلار ........................... 24
ئۇلۇغ ........................... 26
كەتتىڭ ........................... 27
ئوخشايدۇ ........................... 30
ماھىر ........................... 32
ۋىچىركا ........................... 34
ئابرۇيۇڭنى سېتىپسەن ........................... 36
يىگىتلەر ........................... 38
مىڭ توۋا ........................... 40

بەش بالاڭنى قويۇپ بار........................ 42
ئايرىمخانا........................ 43
پۇلغا ئامراقلار........................ 45
پايپاق ........................ 47
رەڭلىك سورۇن ........................ 49
شۇنداق جاۋاب قىلامدۇق........................ 51
ھەيرانمەن ........................ 53
شەكىلۋاز ........................ 55
كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار........................ 57
باغاقلار........................ 59
خۇشامەت ........................ 60
غەيۋەتخور........................ 62
چېقىمچى (I) ........................ 64
ئىچەرمەن........................ 66
ھەسەتخورغا........................ 68
پايدىسىز ........................ 69
بىنادىكى قوشنىلار........................ 70
پىنھان جاي........................ 72
كەيپلىك........................ 74
يىغىن ئاچتىم ........................ 76
چاي بېرىپ........................ 78
مۇھىم ........................ 80
يالغان گەپلەر........................ 82
نائەھلى........................ 84
ھەسەت ........................ 86
خالىي ........................ 87

شۇم ئىغىز ........................ 89
ئۈمىدىم ........................ 91
كۆرگۈم يوق ........................ 92
سىڭلىم ........................ 93
ھەسەتخورلار ئەجەبكەن ........................ 95
كەينىمدىكى غەيۋەتلەر ........................ 97
ئىت ۋە چىنار ........................ 99
مەن شۇنداق شائىر ........................ 100
پىخسىق ........................ 101
قەبرە ........................ 102
ئادەم ........................ 103
ئىغۋا ئامبىرى ........................ 104
گەپ توشۇمچى ........................ 105
باشلىقنىڭ دوستى ........................ 107
بىر شائىرغا ........................ 108
بىلگىن ........................ 109
باي دوستۇم ........................ 110
دوست - يارەن ........................ 112
دەيمەن ........................ 113
تاپتىم ئاخىرى ........................ 114
باشقۇرۇش ھەققى ........................ 115
كۆڭۈلچەك ........................ 118
زورلىما! ........................ 120
غىڭشىماڭ ........................ 122
ۋاقىتلىق ........................ 123
پارىخور ........................ 124

نادانلىقنىڭ ئالامىتى ........ 126
ساختا ........ 128
نەسىھەت ۋە لەنەت! ........ 129
ئەخمەق چاغلىرىم ........ 131
چېقىمچى(II) ........ 133
تېرىكمە ........ 134
باردۇر ........ 136
گۈزەل ........ 137
ئۆي سالسام ........ 138
توي قىلسام ........ 140
داۋالانسام ........ 142
بىر چىرىكنىڭ «خىزمەت خۇلاسە»سى ........ 143
دەرسەن ........ 145
بەزىدە ........ 147
ئەي تەھرىر ........ 148
كەپتەر بىلەن قۇشقاچ سۆھبىتى ........ 150
قىينالما ........ 152
رېستوران ........ 154
دېھقاندا ........ 156
ئەتىسى ........ 158
سەھرايىم ........ 160
تاياقچى ئەرگە ........ 161
ئاجايىپ! ........ 162
نارازى ........ 164
ھۇرۇنلۇق ........ 166
بۇ ئۆيدە ........ 168

بازاردۇر ........ 170
ئۇستىرام ........ 172
ھاكىم بولساڭ شۇنداق بول ........ 173
ئايرىلدۇق ........ 175
قانداق گەپ بۇ؟ ........ 177
بىر قاسساپقا ........ 178
ئۆزگەردى ........ 180
سازەندە ........ 182
نېسىچىلىك ........ 183
سان ـ ساناق ........ 184
ماختىما ........ 185
بىر ئەخلاقسىزغا ........ 186
ئاغرىنىپ ........ 187
يازغىنىم يازغان ........ 189
ئەل بىزار ........ 191
سازچىمەن ........ 192
ماختىنىپ ........ 194
ئۇرۇمچىگە چاقچاق ........ 195
سەھرا ........ 198
ھايات دېگەن ........ 200
ۋەكىل بول ........ 202
سازلىرىم ........ 204
شوپۇرلار ........ 206
گېزىتنىڭ زارى ........ 208
ھەي... باللار ........ 210
ناتايىن ........ 212

قېنى بىز.............................214
«قوشقاچلار» .........................216
بەزىلەر...............................218
مۆشۈنداقلار بار تېخى ..................220
غەيۋەتلەر.............................222
يىراق بول ............................224
كۆلمەڭلار ئەي خالايىق!...................226
مەندە بار.............................228
هارام پۇل ............................229
پارچىلار..............................231

# يەرلىك مەھسۇلات

ھوقۇق تاپتىم مىلىق تەستە، كۆڭۈم ئۆتتى راھەتتە،
كېلىپ ئامەت ھەر ياقتىن، ياتتىم گويا جەننەتتە.

بېرىپ كېتەر ھەر كىملەر خىزمەتلىرىدىن دوكلات،
تۆز تېتىيمەن ھەر كۈنى كېلىپ يەرلىك مەھسۇلات.

مەن يېمىسەم بۆرنىنى، باشقا ھېچكىم يېيەلمەس،
بۆنچىلىكنى باشقىلار «پارا ئالدى» دېيەلمەس.

ئېيتىپ بەردىم غۆلجىغا «ئىلى تېچۆي»، «سۇ ماي» دەپ،
يەنە تورپاق گۆشىدىن، ئالغاچ كەلسۇن ئالتاي، دەپ.

سالام دەپتىم بىرسىگە، كەلدى قۇمۇل قوغۇنى،
پەيزاۋاتتىن كەپتۇ ھەم ئۈنىگدىنمۇ يوغىنى.

خاسىلىق كەپتۇ توقسۇندىن، قارا شەدىن ھەم بورا،
داڭلىق كورلا نەشپۈتى ماڭا بولدى زەپ دورا.

كىيەي دەپتىم قۇلاقچا، بولسا كۇچا كۆرپىسى،
خىيالىمنى بىلگەندەك، يېتىپ كەپتۇ نوچىسى.

ئوخشىدى دەپ ئاڭلاپتىم، بايدا ياڭيۇ ـ سامساقنى،
ئاڭلىغىنىم كەپ بوپتۇ، قوشۇپ سېمىز تورپاقنى.

يەنە كەلدى ئاۋاتتىن مۇسەللەستىن تۇغ ـ تۇغلاپ،
ئەنجۈر ـ ئانار قەشقەردىن كېلىپ تۇردى ھال سوراپ.

ئەۋەتىپتۇ خوتەندىن، ئىپىل گىلەم، گۈلقەنتتىن،
كىممۇ خۇشال بولمىسۇن، كۈندە ياغقان بەرىكەتتىن.

سەمرىپ قالدىم يەپ تۇرغاچ، ئازلا كۈندە سۆڭگەچتىن،
تۇتمىسىكەن ئەل ھەققى، بىر كۈن قىزىلئۆڭگەچتىن!



# بىر مەستكە تېز سىزما

رەستىدە مەست بوپ يۈرۈپسەن، شۇنچە ئىچەمسەن پەسلىشىپ،
كۆن - تۈنۈڭ مەشغۇل قاۋاقتا، ھىدلاپ يۈرەمسەن پەسلىشىپ.

دۇگدىيىپ كەچلەردە توڭلاپ، ئۆيسىز - ماكانسىز لالمىدەك،
ئەقلىدىن ئازغان مىسالى تۈزدە تۈنەپسەن پەسلىشىپ.

كىم ئىدىڭ كىم بوپسەن ئەمدى، ئىزدە ئۆزۈڭنى ئەي نادان،
ئەسلى پاك جىسمىڭنى بۇلغاپ لايغا مىلەپسەن پەسلىشىپ.

پەن - بىلىم، نۇردىن يىراقلاپ كەتمىگىن ئۇنچە ئۇزاپ،
مەڭگۈگە ئاچچىق ھاراقنى دوست دەپ ئىچەمسەن پەسلىشىپ.

ئىچكىنىڭ قان - ياش بىلەمسەن ئۆيدە ئايالىڭ زارۇزار،
بالىلىرىڭ ئاچ - توق شۇ دەم، كەيپ سۈرەمسەن پەسلىشىپ.

ئەنسىرەپ ئىزدەر دادىڭ ھەم چەكسىز ئاناڭنىڭ قايغۇسى،
ئەجرىگە مەست بوپ جاۋابنى شۇنداق بېرەمسەن پەسلىشىپ.

ئىللىتىڭ مىللەت يۈزىگە تەگكۈزدى زەپمۇ رەزگى داغ،
ئەل ئارا ئابرۇي - ئىناۋەت، رەتتىن چۈشەمسەن پەسلىشىپ.

يىڭنىدەك قاپسەن ئورۇقلاپ، رەڭگىڭ سامانىدەك سارغىيىپ،
قەدىرسىز ھاڭگىت پېيى بوپ ئىڭراپ تۈگەمسەن پەسلىشىپ.

# دوستۇمغا

ئەمەلدىن چۈشكىنىڭ مەيلى، نەزەردىن چۈشمىسەڭ دەيمەن،
ئاۋامنىڭ كۆڭلىدە ساندىن ـ تىزىمدىن ئۆچمىسەڭ دەيمەن.

سامانلىق ئاچقۇچى تەگسە شاراقشىپ كەتكىنىڭ نېمە؟
خۇدۇڭنى يوقىتىپ ئەلدىن يىراقلاپ كەتمىسەڭ دەيمەن.

مۇشەققەت دەستىدە تەرلەپ گۆھەرلەر قازغىنىڭ ئەلا،
خۇشامەت پۇرستى پەملەپ ئېگىزلەپ ئۆتمىسەڭ دەيمەن.

دىلىڭدا باشقىچە مەقسەت، چىرايىڭ نە ئۈچۈن مۇجمەل؟
كۆڭۈلنى تۈز تۇتۇپ مەڭگۈ مۇغەمبەر كۈلمىسەڭ دەيمەن.

پەلەكنىڭ ئوڭ كېلىپ كۆككە ـ بۇلۇتقا يەتسىمۇ باشىڭ،
پادا باققاندىكى دوستنى ئۇنتۇماي ئەسلىسەڭ دەيمەن.

ئېلىپ ئوبدانىنى يانپاشقا «ئەجەبمۇ كەلدى پۇرسەت» دەپ،
كېيىنچە سەنمۇ چۈشكەندە ئىزادىن ئۆلمىسەڭ دەيمەن.

چىقاردا قۇش بولۇپ چىقتىڭ، لېكىن پەگاھقا چۈشمەك تەس،
ئاداققى كۈنگىچە دوستۇم يامان كۈن كۆرمىسەڭ دەيمەن.

# ئەجەب زېرىكتىم «ئەتە كېلىڭ» دىن

هاجىتىم چۈشتى بىر خىزمەتچىگە،
كۈندە كېلىمەن خۇددى پەتىگە،
ئەجەبمۇ تارتتى ئىشنى كەينىگە،
كۈندىلا ماڭدىم قالدىم جەبرىگە،
ئەجەب زېرىكتىم «ئەتە كېلىڭ» دىن.

سېنىڭدىن ئاداش مەن بەك ئالدىراش،
زەپ ئەلەم بولدى كۈندە قاتىراش،
خىيالىڭ بارمۇ نەپتىن قاچىلاش،
(دان ئىزدەپ توخۇ كەبى تاتىلاش)
ئەجەب زېرىكتىم «ئەتە كېلىڭ» دىن.

«ئەتە» دېگىنىڭ قايسى بىر «ئەتە»؟
بەرگىن ئوچۇقراق «ئەتە» دىن شەپە،
سەن بىر مۇلازىم نېمانچە ئەركە،
تەشكىل «قىل» دېسە سۆرەيسەن نەگە.
ئەجەب زېرىكتىم «ئەتە كېلىڭ» دىن.

يولۇقتۇممۇ يا شالاق خوتۇنغا،
تىلى كۆنۈككەن «ئەتە چوقۇم»غا،
بارغاندەك ھاردىم خۇددى ئوتۇنغا،
چىقتى قاپارتقۇ ئىككى پۇتۇمغا،
ئەجەب زېرىكتىم «ئەتە كېلىڭ»دىن.

بوپ قالمايلى بىز «ئىش تەگكۈسىز خەق»
بەزىدە خەقنىڭ دېگىنىمۇ ھەق.
سىنىڭ نىسىكەن ھاجەتمەننىڭ نەق،
بۇ ئاچقۇچ سەندە تۇرمايدۇ بەرھەق.
ئەجەب زىرىكتىم «ئەتە كېلىڭ» دىن.



# ئەمدى يوق

بىر تەكەببۇر مەنسىپىدىن چۈشتى ھاي - ھاي ئەمدى يوق،
ئۆچرەت كۈتكەن كۆتۈرمەككە تەخسە چاي - پاي ئەمدى يوق،
مەخسۇس چوغدەك ھازىرلانغان سىرلىق ساراي ئەمدى يوق،
«ئەسسالام» دەپ قول باغلاشقان خۇشخۇي چىراي ئەمدى يوق،
نازلىنىپ ئالدىدا تۇرغان ھۆسنى گۇل - ئاي ئەمدى يوق.

مەنسەپ بىرلە مەست - ئەلەس بوپ ئۆز - ئۆزىنى بىلمىدى،
ئىززىتىنى قىلسا دوستلار ھېچ كۆزىگە ئىلمىدى.
ئۆزگىنىڭمۇ كۆڭلى بار دەپ ھۆرمىتىنى قىلمىدى،
بەرى، ئاسمان ئەسقاتمايتتى، پەسكە چۈشتى «ئىم» دېدى،
ئەل - ئاۋامنىڭ قەلبىدە خاس ئاڭا بىر جاي ئەمدى يوق.

چىن ئىشەنسەك پاك ئۈنى دەپ يۈردى مەنپەئەت قەستىدە،
داڭ چىقاردى نەپسخورلۇق - پارىخورلۇق كەسپىدە.
شۇملۇقى ماراپلا يۈردى كۆلكىسىنىڭ كەينىدە،
ھاجەتمەنلەر تاپقىنىنى سۇڭلاپ تۇردى پەيتىدە،
تولدى پەيمان، كەتتى پۇرسەت مۇنداق گۆش - ماي ئەمدى يوق.

كەيپى - ئىشرەت ئىچرە كەزدى، ئالچاڭشىدى كېرىلىپ،
ساختىلىقتا ئۆتتى ئۆمرى مەئىشەتكە بېرىلىپ،
رېستوراننىڭ ئىلمىكىگە قالدى نەپسى ئىلىنىپ،
سەزگۈ - ئەقلى بىرلە كۆيدى داپەنجىگە مىلىنىپ،
مول زىياپەت، تانسا - مەشرەپ «دىلكۈي» «تاشۋاي» ئەمدى يوق.

سومكا بىرلە ئۆيگە كىرسە كىمكى بولسۇن كەل دېدى،
ئەسسالامنى كۆرسە نەپسىز ياتتى «ۋاي - ۋاي بەل» دېدى.
«ئوغلاق گۆشى بولسا ئەردى، بەلدە سوغۇق يەل» دېدى،
قىزىل بولاق پۇلنى كۆرسە «ئىشىڭ جەزمەن ھەل» دېدى،
كۆڭلى - كۆكسى كەڭرى مۇنچە قايدا ئۇ باي ئەمدى يوق.

ئەلگە سادىق بولغىنىدا، دەپ يازاتتىم غەمگۇزار،
شەخسىيەتچىل ئىللىتىدىن ئەكسىچە يۇرت بەك بىزار،
ئىشتا باشلامچى دېسەك ئۇ، ئەسلى ئىكەن ئىش بۇزار،
«پاك - دىيانەتلىك ئۆزۈم» دەپ ئولجىنى تىنماي يىغار،
يەل - يېمىش، تۇرلۇك سەرەمجان، ھەر يازدا بۇغداي ئەمدى يوق.



# تۆت كوچا

ھەر قاچان مەردانغا تالىق، نامەردكە ئاشىماس تۆت كوچا،
نەپسىخور ئاچ كۆزنى ھەرگىز قوينىغا ئالماس تۆت كوچا،
ئاق كۆڭۈل خالىسقا ئامراق ياخشىغا قانماس تۆت كوچا،
تۇلكىلىك، ئەگرى نىيەتلىك، قۇۋۇلۇق سىغالماس تۆت كوچا،
پىتنىخور شۇملارغا ھەر چاغ پىنھان بولالماس تۆت كوچا.

ھەر كۇنى ھىدلاپ ـ سوكۇلداپ نەپلەرگە ماڭغاندىن كۆرە،
كىمنىدۇر كولاپ ھەمىشە ئەربابقا چاققاندىن كۆرە،
زاغ كەبى ئىزدەپلا ئولجا، تەييارنى تاپقاندىن كۆرە،
سازچى مۇك ياڭراتسا مەيلى ۋىجداننى ساتقاندىن كۆرە،
سەن ئەجەب ئاشكارا دوقمۇش، ئوغرى ماڭالماس تۆت كوچا.

ئوغرى ئۆچ ئايدىڭغا، كۇنگە، مەيدانغا ــ كەڭرى رەستىگە،
چۇشكىدەك گۆردەك قاراڭغۇ چەت ـ چەت بۇلۇڭلار قەستىگە،
تاپسا خۇش يالماپ ـ بۇلاڭلاپ بىر نەپنى تويماس نەپسىگە،
خىلۋەت جاي بەكرەك قولايمىش ئەگرى نىيەتلەر كەسپىگە،
مەقسىتى ھەرگىزمۇ سەندە ئىشقا ئاشالماس تۆت كوچا.

# تۇيۇقسىز كەل «باھالاش»

«باھالاش»قا تاقابىل تۇرار بولدۇق قېرى - ياش،
ئاتلىنارمىز جان تىكىپ، تەرلەپ، پىشىپ ئالدىراش.
قىزىپ كېتەر تازىلىق، سۈرتۈش، ئېرتىش، ئادالاش،
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت، تۇيۇقسىز كەل «باھالاش».

كېلىپ تۇرار پات - پاتلا، ھەيۋە بىلەن گۇلدۇرى،
«سېلىشتۇرۇپ باھالاش، تەكشۈرۈش» نىڭ خەۋىرى.
يورۇق كۈندۈز يېتىشمەي، ئىش قوشىمىز كەچلىرى،
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت، تۇيۇقسىز كەل «باھالاش».

يېپيېڭى بىر تۇس ئالار، مەھەللىمىز باشقىچە،
نامرات ئۈچ كۈن «باي بولار» ئۆي - بىساتى ئاشقىچە.
(تامدا گىلەم، قوتاندا لىق چارۋا سەن يانغىچە)
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت تۇيۇقسىز كەل باھالاش.

«ئالىم» بولار بىر كۈندە، ساۋاتسىزلار سېنى دەپ،
پەرۋاز قىلار كۆكلەردە، قاناتسىزلار سېنى دەپ.
«پەلتۇ» كىيەر خۇرۇمدىن چاپانسىزلار سېنى دەپ،
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت، تۇيۇقسىز كەل «باھالاش».

كاتتا تاماق جابدۇلار چۆشكە، كەچكە، ناشتاڭغا،
مەسئۇل بولار نەچچىسى نارىن، كاۋاپ، سامساڭغا.

تىرىملايمىز قانچە رەت خانىم قىزنى تانساڭغا،
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت، تويۇقسىز كەل «باھالاش».

كەلدىڭ مانا بىلىندى جىمى ئىشلار ياخشىدەك،
قىلدى شەكلۇ سېھرىمىز سېنى رازى قىلغۇدەك.
كەلسەڭ پۇقرا سىياقى، ھەق كۆرەتتىڭ «كاڭشى» دەك،
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت، تويۇقسىز كەل «باھالاش».

كەتتىڭ ئەمدى كۆرۈپ باق، مەھەللىمىز ئەپتىنى،
«پىلسىرات» تىن ئۆتكەنلەر چاقتى تەبرىك قەنتىنى.
راستكەن زادى تاش قىلىپ، ئىقىن سۇنىڭ كەتكىنى،
كۆرەر بولساڭ راست ھالەت، تويۇقسىز كەل «باھالاش».

# قاندىكى ئىشكەن

(بىر پىتنىخور تىلىدىن)

ئىش ـ ئەمەلىم ياخشىلارغا ئورا قېزىشكەن،
پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى يۇرتقا چېچىشكەن،
ئۇ ئادەمنى بۇ ئادەمگە تىنماي چېقىشكەن،
جەڭگى ـ جېدەل پىلتىسىگە ئوتلار يېقىشكەن.
ئۆم ـ ئىناقلىق خىسلىتىدىن يىراق قېچىشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

قارغىش ئەتمەي كۆڭۈم ئۆتسە خۇمارىم كەتمەس،
ئۆم ـ ئىناقلىق، دوستلۇق دېسە خىيالىم يەتمەس،
قىلۇر تۆھمەت ـ غەيۋەتلەرگە ئېغىزىم ھەۋەس،
دىل ئازارمەن بۇ دۇنيادا گۇناھىم پەۋەس،
ئۆزگىلەرگە ئىللىقلىق يوق ۋۇجۇدۇم قىشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

كىم بەختىيار بۇ ئالەمدە تىللاپ چىقىمەن،
نەشتەر سانجىپ خۇن ـ باغرىنى تىلغاپ چىقىمەن،
شۇملۇق تىلەپ ياخشىلارغا، قارغاپ چىقىمەن،
ئامەتلىكلەر دۇقۇشقاي دەپ يىغلاپ چىقىمەن،
راست سۆزلىسەم ئاپەتكەنمەن ئەل ـ يۇرتقا چۇشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

بارچە گۇناھ مەندە تۇرۇپ باردىم دەۋاغا،
كىم بىلمەيدۇ تارقالغاننى بۇسۇم ھاۋاغا،
بەز ئەپقاچسا قارا مۇشۇك چۈشتۇم ساماغا،
كىرىپ ئالسام خوپ بولاركەن ئەسلى كامارغا،
ۋىجدانىمنى ئەسكى نەپكە ئۆزۈم تېگىشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

شەيتان مېنى يېتەكلەپتۇ قالتىس ئازدۇرۇپ،
خەققە نېچۈن ئۇسسۇدۇممەن بېشىم دەز تۇرۇپ،
نېمە كەپتۇ تېپىشماقنى بۇگۈن يەشتۇرۇپ،
ئۆچكە كەبى بۇ كۆتۈمنى يەنە سەزدۇرۇپ،
مېنىڭ ئىشىم خەقنى ئۇنداق - مۇنداق دېيىشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

مەندەك يۈزسىز تېپىلماسكەن كەڭرى ئالەمدىن،
نومۇسسىز گەپ تارقايدىكەن يۈزسىز ئادەمدىن،
سەسكىنىپتۇ خەلقئالەم رەزىل ۋاستەمدىن،
(ياخشىلارغا تۆھمەت ئارتىش «ئەقىل - چارەم» دىن)،
پىتنىخور يوق ئايماق - يۇرتلار ئەجەب تىنچكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

مېھرىبانلىق، ئۆم - ئىناقلىق يوق مەندە پەقەت،
ياتلار تۇگۇل تۇغقانغىمۇ، زەررىچە شەپقەت،
ئۇخلىماستىن تۈن - تەڭلەردە چېكىمەن ھەسرەت،
زەپەر قۇچسا كىمكى ئەگەر قىلىمەن ھەسەت،
بۇ ئۆمرۈمدە قىلغان كەسپىم پىتنە تېرىشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

تەخسكەشلىك قىلىپ ئۆزۈم خەققە دۆڭگەيمەن،
خۇشامەتنى نەق ۋايىغا يەتكۈزەلەيمەن،
(كاداك ئىتتىن پەستە بولۇپ ئۆزگىرەلەيمەن)
چوڭامغا تىل تەگكۈزگەننى شۇئان چىشلەيمەن،
كەسپىم ماختاپ ئەمەلدارنى پات ـ پات يېزىشكەن،
كېچەلىمدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

نېسىپ بولدى بىر ئۆمۈرلۈك خۇمسا ـ نامەردلىك،
خەقنى غاجاپ ھېس قىلىمەن بەكمۇ راھەتلىك،
ۋاقتىم ئۆتمەس غەيۋەت قىلماي مىنۇت ـ سائەتلىك،
بوپ قاپتىمەن ئۆزۈم شۇنداق ئەسكى ئادەتلىك،
شۇڭا ئىشىم غەيۋەت ئىزدەپ قاتراپ يۈرۈشكەن،
كېچەلىمدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

«پېتىمسىز» دەپ داڭقىم چىقىپ تايىنىم قالمىدى،
ئەل ئىچىدە ياخشى ئېتىم ـ نامىم قالمىدى،
كۈنۈ تۈنلەر خەقنى غاجاپ ھالىم قالمىدى،
شۇڭا ئۆيدە جانان بىرلە كارىم قالمىدى،
ئۇقسام پەسنىڭ ھالى شۇنداق خاراب ئىمىشكەن،
كېچەلىمدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

بىر ئۆمۈرلۈك ئازاب سالدى ئەمەل خۇمارى،
تاما قىلسام نېسىپ بولماي بولدۇم بىچارى،
تولا قاتراپ ئەمدى كەتتى پۇتنىڭ مادارى،
بولۇپ قالدىم ھەسەتخورنىڭ شۇڭا «ئىلغار»ى،
بويۇم يەتمەس ئۆزۈملەرگە ئېغىز پۈرۈشكەن،
كېچەلىمدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

ئۆزگىلەرگە مەندە ھېچ ۋاخ ياخشى تىلەك يوق،
(تا ئەزەلدىن شۇم پېلەكتە ياخشى خەمەك يوق)،
ھېچ كىشىدە ماڭا ئوخشاش سېسىق يۈرەك يوق،
ماڭا ئوخشاش تۆھمەتخوردىن يەنە بۆلەك يوق،
دېمىسىمۇ خەقلەر مېنى ئوبدان بىلىشكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

غاجاش، تىللاش، قارغاش، چېقىش كەسپىم مېنىڭ شۇ،
شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم ئۆسەر كەيپىم مېنىڭ شۇ،
نېمە دېسە دەۋەرسۇن خەق پەيلىم مېنىڭ شۇ،
تۆھمەتخور دەپ ئاتاق ئېلىش «ئەجرىم مېنىڭ» شۇ،
ئاشۇ ھەۋەس ئارزۇيۇمدا بۇ كۆڭلۈم خۇشكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

كۆچتۈم رەت - رەت نەچچە ئۆيگە مۇشۇ ئۆمرۈمدە،
بىرمۇ قوشنام سىغماي مېنىڭ سەزگۈر كۆزۈمگە،
پەرزەنتلىرىم ئەمەل قىلغاي مۇنۇ سۆزۈمگە:
قوشنا گۆرنى يولاتماڭلار ئۆلسەم گۆرۈمگە،
ھەق گەپ قىلسام مېنىڭ كۆڭلۈم قاپقارا ئىسكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

خەقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا تۆھمەتلەر سۆزلەپ،
مۇنداق كەچمىش ئۆيدە تۇرسا نە باراي ئىزدەپ،
ئۆزگىلەرگە چوڭ سۆزلەيچۇ جۇپتۇمنى تۇزلەپ،
كېتەرمەنمۇ بۇ ئالەمدىن يامانلىق كۆزلەپ،
ئويلاپ باقسام ئىمانىمغا ئېشەك سىيگەنكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك مېنىڭ قورالىم،
تۆھمەت توقۇپ كۈن ئۆتكۈزۈش بولدى قارارىم،
مەن رەزگىلدىن رەنجىپ كەتتى نى - نى مۆلايىم،
بۇ بىر ئۇدۇم شۇنداق قىلماي نېمە ئامالىم،
ئىچىم بەك تار، مەندە ئۆچەي يېرىم غېرىچكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

ئەسكىلىكتىن يامان كۈندە قالدىم نەچچە رەت،
(رەزىللەرگە ھەمراھ شۇنداق ھەمىشە غۇربەت)
قىسمەت تەكرار ئەسكەرتسىمۇ ئالمىدىم ئىبرەت،
ئۆزگىلەر شاد كۈلسە ماڭا بولدى دەرد - كۈلپەت،
تەقدىرنىڭمۇ ھەسەتخورغا ھىممىتى قىسكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

تۆتسا ئەگەر قانداق چاغدا غەيۋەت خۇمارىم،
بۇلۇڭ - پۇچقاق دوقمۇشلارنى تارتىدۇ رايىم،
نەدە غەيۋەت، پىتنە بولسا شۇ مېنىڭ جايىم،
ئاپشاركىدەك خۇي - پەيلىمدىن يېمەيمەن ۋايىم،
تۆھمەت، غەيۋەت، كوتۇلداشمۇ بىر خىل ھەۋەسكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

ھەسەتخورلۇق كورىسىدا ئۆلگىچە قايناپ،
ئۆتەرمەنمۇ مېنى گۆرگە كۆمگىچە قاقشاپ،
جىم يۇرسەمچۇ كىمنى كۆرسەم يۇرگىچە تىللاپ،
رايىمچە ئىش يوقكەن يۇرسەم مىڭ كېچە يىغلاپ،
بۇ جاھاندا بىرسى كېسەك، بىرلىرى خىشكەن،
كېچەلمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

ئاتا قىلسا تارىخ ماڭا ئىشرەت پاجىئەسى،
بىلگەن تۇرسا بۇنى يۇرتىنىڭ ئەھلى - جامەسى،
خەقنى چىشلەپ چالدىم نېچۇن تۆھمەت ناغراسى،
بۇ ئەمەسمۇ ئۆزۈم تاپقان كۆڭۈل غوۋغاسى،
بىلمەس دېسەم بۇ سەتچىلىك ئەلگە ئايدىڭكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.

يېزىپ چىقسام بۇ ئۆمرۈمدىن شۇكى خۇلاسەم،
ئىكەن بارلىق رەزىللىكلەر مەندە مۇجەسسەم،
مۇرادىم شۇ ياخشىلارنى چايناپ يەۋەتسەم،
خەقنى تىللاپ يېزىپ داستان كۈندە ئەۋەتسەم،
ئەي خالايىق نىيەت مەندە شۇنداق چىگىشكەن،
كېچەلىمىدىم بۇ ئىللەتتىن قاندىكى ئىشكەن.



# سايلىغانمۇ؟

ئەي پارىخور، خەلقىم سىنى سەمرىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟
ھاجەتمەندىن پارا ئېلىپ، خەجلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

ئوي ـ خىيالىڭ ئەلدە ئەمەس، كۆزلىدىڭ نەپ ھەر قەدەمدە،
دۇنيا يىغىپ ئۆز غېمىنى غەملىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

تەخسىكەشتىن بىر نەچچىنى قىستىڭ مەھكەم قولتۇقۇڭغا،
توغرا سۆزلۈك مەردانىنى پۇتلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

بولۇپ تۇندە ئاچ كۆز بۆرە، كۈندۈزلەردە بولۇپ تۈلكە،
ھىيلە ـ نەيرەڭ، مىكرى ـ سېھرى ئەيلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

نامرات كەلسە دەرد ـ ھال ئېيتىپ باقماي كەتتىڭ رېستورانغا،
ئەيش ـ ئىشرەت كۆلچىكىدە لەيلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

كەڭرى ئۆي ـ باغ تەل قىلىندى ئوغلۇڭ تۇگۇل نەۋرىلەرگە،
ئۆزى ئالسۇن، ئۆزگىگە نەپ بەرمىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

سايلانماستا تەزىمىڭدىن بولدى بېلىڭ خۇددى يادەك،
«پىلسىرات» تىن ئۆتۈپ بېلىڭ ئەگمىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

كاتتىلارنى كۆرسەڭ نەدە چەكتىن ئاشار «خوش ـ خوش» لىرىڭ،
پۇقراغا مۇشت، چوڭغا تەخسە تەڭلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

چاپتىڭ هامان چاي ـ زىياپەت، ئوغلاق ـ پاقلان، مەي ـ شاراب دەپ،
كانىيىڭنى بەش ـ ئالتە يىل ياغلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟

«ياخشى رەھبەر سايلىۋالدۇق، ئەل غېمىنى يەيدۇ» دېسەك،
يەرگە ئۇرۇپ ئۇمىدلەرنى چەيلىسۇن دەپ سايلىغانمۇ؟



# ياشانغاننى هۆرمەتلە

داۋان ئېشىپ شان ـ شەرەپ قازانغاننى هۆرمەتلە،
قەلبىمىزدە قەدىرلىك سانالغاننى هۆرمەتلە.
جاپاكەش دەپ ئەل ئارا ئاتالغاننى هۆرمەتلە،
باشلىق بوپسەن ئەي ئىنىم ياشانغاننى هۆرمەتلە.

ئۇ ئىشلىگەن سەھرادا مېڭىپ يۈرۈپ پىيادە،
جىڭغا سالساق تۆھپىسى ھەممىدىن بەك زىيادە.
ئۆمۈر بويى مۇستەھكەم بولدى ئۇندا ئىرادە،
باشلىق بوپسەن ئەي ئىنىم ياشانغاننى هۆرمەتلە.

ئۆتتى ئۇنىڭ گۈل دەۋرى، سىنىپتا بور ـ توزاندا،
دېھقان ئۈچۈن چەش بېقىپ ياتتى گاھى خاماندا.
زارلانمىدى ئۇ پەقەت قالسا جۇدۇن ـ بوراندا،
باشلىق بوپسەن ئەي ئىنىم ياشانغاننى هۆرمەتلە.

ئۆرنەك دېسەم لاپ ئەمەس پېشقەدەملەر پاكلىقتا،
ئۆستەڭ چاپقان زاغرا يەپ، يېتىپ غىڭ ساي، تاشلىقتا،
دېھقان بىلەن قوش كەتمەن بولۇپ چاپقان ياشلىقتا،
باشلىق بوپسەن ئەي ئىنىم ياشانغاننى هۆرمەتلە.

# ئانامكەن

ئەسلى مېنى دۇنيادا چىن سۆيگىنى ئانامكەن،
«كۆيدۇم» دېدى گۈزەللەر ھەق كۆيگىنى ئانامكەن،
مەن كۈلگەندە مەندىن بەك شاد كۈلگىنى ئانامكەن،
بەختىم ئۈچۈن قايغۇرۇپ مىڭ ئۆلگىنى ئانامكەن،
دېسە ئەخلەت ئۆزگىلەر، زەر بىلگىنى ئانامكەن.

ۋاپادارىم سىياقى كەلدى كىملەر ھېجىيىپ،
يانچۇقۇم توم چاغلاردا مېنى بەكلا «سېغىنىپ»،
قولۇم ھەر دەم كۆكسۈمدە كۈتۈپ تۇردۇم ئېگىلىپ،
يانچۇق قۇرۇپ قالغان چاغ كۆڭلى قالدى چېگىلىپ،
ھەر قانداق چاغ يېنىمدىن كەتمىگىنى ئانامكەن.

كەلسە مېنى چاقىلى گاھى ئۈششۈك ھەرىلەر،
غەيۋەتىمنى كوتۇلداپ قىلسا ئەگەر بەزىلەر،
كېلىپ قالسا بېشىمغا قاياقتىندۇر زەربىلەر،
بوھتان چاپلاپ قىينىسا يەنە بەزى ئەسكىلەر،
پىداكار بوپ يېنىمدا قوغدىغىنى ئانامكەن.

بەزى دوستلار، ئادەملەر قۇردى قاپقان نەپ ئۈچۈن،
«ھەمراھىڭمەن ئۆمۈرلۈك» دېدى جانان نەپ ئۈچۈن،
پايدا كۆزلەپ يېنىمدىن كەتمەس ھامان نەپ ئۈچۈن،

چوغ يۇتۇشتىن يانمايدۇ گاھى ئىنسان نەپ ئۇچۇن،
ھېچبىر تاما ـ مىننەتسىز سۇت بەرگىنى ئانامكەن.

بەزەن قىلدىم گۆدەكلىك بىلمەي ئانام قەدرىنى،
رەنجىتتىم مەن نەچچە رەت ساداقەتمەن قەلبىنى،
ئادا قىلاي قانداقمۇ ئۇنىڭ ئەجرى ـ قەرزىنى،
بىتاب بولۇپ گاھىدا تارتسام زۇكام دەردىنى،
تەڭ تارتىشىپ مەن بىلەن يۆتەلگىنى ئانامكەن.

كۆرۈپ باقتىم جاھاننى نى ـ نى ياخشى ـ يامانىنى،
يېقىنلار كۆپ يېنىمدا ئالغان چاغدا خامانىنى،
ئەمدىلىكتە ئايرىدىم بۇغداي بىلەن سامانىنى،
نەسىھەتىم: ياش باللار رەنجىتمىگىن ئاناڭنى،
بارلىقىنى مەن ئۈچۈن ئۆتۈنگىنى ئانامكەن.



# مەنمەنلىك

ئالقىشلانغان بۇرۇندىن ئېسىل خىسلەت ـ كەمتەرلىك،
كىم غادايسا «مەن ـ مەن» دەپ ئاڭا كۆپتۇر ئۆچمەنلىك.
مەنمەنچىنىڭ ھەيۋىسى تا ئەزەلدىن بىردەملىك،
«مەن خۇشخۇي» دەپ چىش يىرسا ئەمەستۇر ئۇ كۇلگەنلىك،
ئەل بىزاردۇر، يۇرت بىزار، يوقال كۆزدىن مەنمەنلىك.

مېۋىلىك شاخ بولغانچە ئېگىلىدۇ بوي ـ بەستى،
مېۋىسىز شاخ ئېگىزدە گىدىيىدۇ تۆت پەسلى.
تەكەببۇرلۇق ـ مەغرۇرلۇق بىلىمسىزلىك ئۇ ئەسلى،
ئېگىز تۇرۇش ئۆزگىدىن داۋاملىقتۇر ئوي ـ قەستى،
ئەل بىزاردۇر، يۇرت بىزار، يوقال كۆزدىن مەنمەنلىك.

«مەن بىلەرمەن ھەممىنى» دەيدۇ ھامان بۇ ئىللەت،
ئۇياتمىسا «مېنىڭ» دەر «پۈتكۈل جاھان» بۇ ئىللەت،
تون نىسپىدە «خوش ـ خوش» دەپ يالار تاپان بۇ ئىللەت،
شۇ ۋەجىدىن ئېگىزگە چىقتى ئاسان بۇ ئىللەت،
ئەل بىزاردۇر، يۇرت بىزار، يوقال كۆزدىن مەنمەنلىك.

ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ بوينى مۇنداق قاتقاننى،
ھۆرمىتى يوق ئۆزگىگە غەيرىي يوسۇن تاپقاننى،
ئامىتىدىن ئالچاڭشىپ يولدا نايناق ماڭغاننى،
جىق كۆرگەن بىز نوچى دەپ ئوڭدا موللاق ئاتقاننى،
ئەل بىزاردۇر، يۇرت بىزار، يوقال كۆزدىن مەنمەنلىك!

# ئاداشلار

باشلىق بولغان چېغىمدا، چۆرەمدە جىق ئاداشلار،
چۈشتە ـ كەچتە ھەمىشە، ئۆيۈمدە لىق ئاداشلار.

ئامەت قولدىن كەتكەندە بەدەر قاچتى بىرسى يوق،
مەندىن ئەمدى ھەممىسى تويۇپتۇ غىق ئاداشلار.

ئۆمۈرلۈك دوست ـ سادىقنى بىلمەك تەسكەن ھەممىدىن،
ئىكەن ئەسلى ماڭا سۈس، نەپكە قىزىق ئاداشلار.

ئەمدى باقسام ئاۋۋالقى ساداقەتتىن ئەسەر يوق،
كۆڭلى خالىس تۈز ئەمەس، ئەگرى سىزىق ئاداشلار.

پۇقرالىقنى خوپ كۆرسەم مېنى قۇرۇق كۆل چاغلاپ،
باشقا كۆلدە تەپ تارتماي ئۈزدى «بېلىق» ئاداشلار.

دوستلۇق شەرتى مەنسەپ ـ تاج ۋە ياكى نەپ، پۇل ئەمەس،
توغرا يولدىن ئاداشتى كۆزى تېڭىق ئاداشلار.

ئاددىي ئادەم ئەسلىدە چىن دوستلۇققا مۇناسىپ،
دۆڭگە مېھرى سېخىيكەن، پەسكە پىخسىق ئاداشلار.

كىم باش بولسا ئۇلىشىپ، گۆشكە قونغان چىۋىندەك،
ئۆمرى شۇنداق ئۆتەرمۇ ئىككى بىسلىق ئاداشلار.

نەپ كۆزلىگەن غۇژمەكتىن، پاك تەنھالىق مىڭ ئەلا،
يالغۇز ياشاي خەير ـ خوش! پەيلى سېسىق ئاداشلار!



# ئۆلۈغ

جەبرى ـ جاپا دېڭىزىدا ئۈزگەنلەر ئۇلۇغ،
ئەل بەختىچۈن يەڭلىرىنى تۈرگەنلەر ئۇلۇغ.

قەدىرلەشكە مەنسۇپ مەنچە ئاددىي ئىنسانلار،
راھەت كۆرمەي قان ـ تەرىنى تۆككەنلەر ئۇلۇغ.

غالىب بولسۇن جەڭ ـ چېلىشتا ۋە ياكى مەغلۇپ،
ئارزۇ ـ ئۈمىد سەيناسىدا كۆلگەنلەر ئۇلۇغ.

ئۆز بەختىنى كۈچەپ چاپقان كەتمەندىن ئىزدەپ،
ئەمگىكىدە ھايات پەيزى سۈرگەنلەر ئۇلۇغ.

دىلىغۇللۇق، جۈرئەتسىزلىك، قورقۇشتىن خالىي،
تەۋەككۈلنىڭ شاش ئېتىنى مىنگەنلەر ئۇلۇغ.

قاقتى ـ سوقتى قىلىپ تاپقان بايلىققا ئۆچ بوپ،
ئۆز ئەجرىدىن ناننى ھالال يېگەنلەر ئۇلۇغ.

ئەل رىزقىنى يالماپ ـ شىلىپ تويغاندىن كۆرە،
«ئاچ يۈرۈشكە رازىدۇرىمىز» دېگەنلەر ئۇلۇغ.

تۇرمۇش يۈكى يەلكىسىگە مىنىپ تۇرسىمۇ،
يەنە ۋەتەن، ئەل ئىشقىدا كۆيگەنلەر ئۇلۇغ.

# كەتتىڭ

(مەرھۇم دېھقان بوۋامغا مەرسىيە)

دېھقان بوۋا، بۇ دۇنيادىن ھەتتەڭەي! كەتتىڭ،
مۇشەققەتتە ھايات پەيزى سۈرەلمەي كەتتىڭ،
پۈتۈن كىيىپ ئۈستى ـ باشنى تۈزەلمەي كەتتىڭ،
زاغرا چايناپ مايلىق تاماق يېيەلمەي كەتتىڭ،
يالاڭ ئاياغ يۈردۈڭ، توپلەي كىيەلمەي كەتتىڭ.

قۇتۇلالماي سولچىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن،
مۇكچەيدىڭ شۇ كاج پەلەكنىڭ ئاداۋىتىدىن،
چەتتە قالدىڭ بۇ دۇنيانىڭ ساخاۋىتىدىن،
(مەھرۇم بولۇپ نى ـ نى راھەت ـ پاراغىتىدىن)
كۆڭلۈڭدىكى گەپلىرىڭنى دېيەلمەي كەتتىڭ.

بىر زامانلار داشقازانغا جەم قىلدۇق سېنى،
يەيسەن دېدۇق كۆندە ھالۋا، مانتا ـ بەتتىنى،
نەدە ھالۋا ئارتىپ قويدۇق ئۇماچ قەرزىنى،
تىڭشايدىغان يەر تېپىلماس ئېيتساڭ ئەرزنى،
قەرزى قىلغان بۇ «ئەۋزەل» نى بىلەلمەي كەتتىڭ.

بۇغداي نېنى كۆرسەڭ گويا كۆزگە سۈرتكىدەك،
بەز كۆرگەندە بولدۇڭ خاملا چايناپ يۇتقىدەك،
ئەتلىرىڭدە ئاۋاقلىقتىن گۆش يوق تۇتقۇدەك،

ۋاقتىڭ چىقماس «دولقۇن» بىرلە تىنىم تاپقۇدەك،
قانداق زامان؟ نە كەچمىش بۇ؟ چۈشەنمەي كەتتىڭ.

ئاچ قورساقتا چۈشتۈڭ كەتمەن، سۈرەم ـ ساپانغا،
خامان ئالساڭ ئۆلگۈرمىدى ئوغرى چاشقانغا،
ئالۋان ـ سېلىق قويدى سېنى بىچارە هالغا،
يالۋۇرساڭمۇ بىر تىيىندۇر قانچە ئامبالغا،
نە ئامبال ئۇ هېچ كادىرغا ئىشەنمەي كەتتىڭ.

قىش كەلگەندە جۇۋا ـ جەندە، ئوتۇننىڭ غېمى،
خەج ـ خىراجەت، سەرەڭگە، ئۇن، سوپۇننىڭ غېمى،
يىرتىق كۆڭلەك كىيەمتىم دەر (خوتۇننىڭ غېمى)
يازمۇ كەتتى، قىشتا ئەمدى پۇتۇڭنىڭ غېمى،
بۇ جاهاننىڭ خوۋلۇقىنى كۆرەلمەي كەتتىڭ.

تۇپكۇچ، مەدەك ئۆلگۈرتەلمەي كاڭلىق ئوچاقتا،
كۇندە ماڭدىڭ ئوتۇن ئىزدەپ جاڭگال يىراقتا،
تۇرمۇشۇڭدا دۇچ كەلدىڭ زەپ ئېغىر سىناقتا،
پۇل چىقمىغان چاغلارمۇ بار كىرسىن چىراغقا،
يوقسۇلچىلىق سىرلىرىنى يېشەلمەي كەتتىڭ.

كەم قالمىسا داشقازاننىڭ بىر جىڭ قونىقى،
شۇكۇر دېدىڭ چۇشۇپ تۇرسا كۇننىڭ سېرىقى،
ئاغرىسىمۇ پۇت ـ قولۇڭنىڭ قاداق ـ يېرىقى،
قىزىپ قالساڭ سىقىپ ئىچتىڭ قوقاق شىۋىقى،
پۇل دەردىدىن بالنىستقىمۇ كىرەلمەي كەتتىڭ.

بەزىبىرلەر مەنىستىمىدى كۆرەك تۇماق، دەپ،
رەنجىپ تۇردۇڭ هەر قەدەمدە باشقا چوماق يەپ،

ئىشلەۋەرسەڭ يەنە دېدۇق ھۇرۇن، قاششاق دەپ،
كەمسىتكەنلەر لەقەم قويدى قارا قورساق دەپ،
شۇ ئۆمرۈڭدە ئىچ - ئىچىڭدىن كۇلەلمەي كەتتىڭ.

بۇگۈن سۆزلەي يېڭى دەۋرىم كارامىتىنى،
مەركەز بەردى ھۆددىگەرلىك سىياسىتىنى،
دېھقان كۆردى ئومۇم يىغىن[1] شاراپىتىنى،
جارى قىلدى ئەمدى قالتىس جاسارىتىنى،
يېڭى دەۋران شەربىتىدىن ئىچەلمەي كەتتىڭ.

ئەنە كۆرگىن ئوغلۇڭ ئالدى يەرنى ھۆددىگە،
(كۆز يەتمەيدۇ ھۆددە ئالغان يەرنىڭ چېتىگە)
ئۇماچ پىشماس داشقازاننىڭ تەپتى كۆتىگە،
يازدى شانلىق تۆھپىسىنى تارىخ بېتىگە،
ئوغلۇڭ غېنى بولدى ئەپسۇس كۆرەلمەي كەتتىڭ.



[1] پارتىيە 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# ئوخشايدۇ

نەگە بارسام مىجەزىم ھېچ كىشىگە ياقمايدۇ،
خىزمەتداشلار، قوشنىلار مېنىڭدىن بەك قاقشايدۇ،
مەن بار يەردە ئىناقلىق ـ ئىتتىپاقلىق ئاقسايدۇ،
نە ئىشكىن تاڭ شوخ كۆلكە مەن بارساملا توختايدۇ،
رەنجىمەيمەن ئۆزگىدىن چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

يېشىم ئەللىك بەشكىچە ئون بەش ئۆيگە كۆچكىچە،
خىزمەتداشنى، قوشنامنى تىللاپ چىقتىم يەتكىچە،
غوۋغا بولسا دەل چۇشۇپ سەپرا يۇردۇم كەچكىچە،
گەپ مارايمەن سىرتلاردا سوغۇق جاندىن ئۆتكىچە،
خەقنى دېسەم پېتىمسىز، چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

بۇ قوشنامنى تاز دېسەم، يەنە بىرنى چەپ دېسەم،
يەنە بىرنى تاماخور ئىزدەر ھامان نەپ دېسەم،
يەنە بىرنى توشۇيدۇ ئۇششاق ـ چۇششەك گەپ دېسەم،
قولۇم ـ قوشنا دەردىدە ئەستاغپۇرۇللا، خەپ دېسەم،
ياخشى قوشنا نەدىكىن، چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

بىرنى دېدىم مۆرىمەس، بىرنى دېدىم يۆگىمەچ،
بىرنى دېدىم پەتنۇسچى، يەنە بىرنى تەخسىكەش،
مېھمان ئېيتسا بىرسىنى دېدىم نايناق تانسىكەش،
بىرنى دېدىم تاشلاندۇق، بۇلۇڭدىكى ساپماكەش،
مېنى خەقلەر نېمە دەر، چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

تىرىكنىغۇ ئەلۋەتتە، جىم قويمىدىم ئۆلگەننى،
ئىچ - ئىچىمدىن تىللىدىم قوشنىلاردىن كۈلگەننى،
ھەسەت قىلدىم - قارغىدىم زەپەر قۇچۇپ ئۆزگەننى،
مەيدىسىدىن ئىتتەردىم ماڭا يېقىن يۈرگەننى،
دوستنى بىلدىم دۈشمەندەك، چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

قۇتۇلدۇم دەپ ئەمدىلا يىراق كەتسەم كونىدىن،
ئۈچ كۈن بولماي ئۇرۇشتۇق، بەتەر تويدۇم يېڭىدىن،
ئاچچىقىمنى سىر تۇتۇپ كۈلۈپ ئۆتتۇم يېنىدىن،
جانغا پاتقان زىخلار دەپ سەت ئالايدىم كەينىدىن،
تاپالمىدىم ئەپ قوشنا چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتەرمۇ، رەڭگىم ئوخشاپ بۇلۇتقا،
يەنە كۆچەي بۇ ئۆيدىن تاقىتىم يوق مىنۇتقا،
كەتسەم دەيمەن كۆز يەتمەس، چەت يىراق جاي - جەنۇبقا،
(خىزمەتداش يوق، قوشنا يوق، ماڭا خالىي بىر يۇرتقا)
قايدا مۇنداق ماكان بار، چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

بىر ئىش كىردى توساتتىن ئۇخلاپ ياتسام چۈشۈمگە،
قاپتۇمىشمەن يېقىنلاپ ئاخىرەتكە - ئۆلۈمگە،
مۇزدەك تىترەك ئولىشىپ، ئەندىش چۈشتى كۆڭلۈمگە،
خىيالىمدا يەنە شۇ: كىم قوشنىدۇر گۆرۈمگە،
ئىنساب بىلەن ئويلانسام چاتاق مەندە ئوخشايدۇ.

# ماھىر

بىر جاناب بار پۇقرالارنى بېسىشقا ماھىر،
چوڭنى كۆرسە تەخسە ـ پەتنۇس تىزىشقا ماھىر،
پارا كەلسە يانچۇقىغا سىلىشقا ماھىر،
«بولايلى پاك» دەپ يىغىننى ئېچىشقا ماھىر،
ئۆزىدىكى ئېۋەنلەرنى يېپىشقا ماھىر.

كەلسە خىزمەت تەكشۈرۈشكە يۇرتنىڭ مېھمىنى،
باھانىسىدا پاتماي قالۇر ئۆيگە كىرگىنى،
ئالدىرايدۇ زاپخوزلارمۇ توشۇپ كېمىنى،
چوڭ يەپ ـ ئىچىش خاتا دەيدۇ، قېنى دېگىنى؟
بىكار پۇلدىن ئابرۇي ـ ئىززەت تېپىشقا ماھىر.

ھېساب قىلساڭ مېھمان كۆتكەن كاتتا چېيىنى،
ھەر شىرەدە مىڭ كوي خەجلەر ئومۇم پۇلىنى،
(ئەمەسمۇ ئۇ بىر دېھقاننىڭ يىللىق كىرىمى)
كەسكۈڭ كېلۇر چىرايلىق گەپ قىلغان تىلىنى،
مەن ئىلغار دەپ تېخى دوكلات يېزىشقا ماھىر.

نەپسخورلار ئەسلا قىلماس ئەلنىڭ غېمىنى،
نە باشلىق ئۇ، گۆش ـ ماي، ناننىڭ بىزەڭ چىۋىنى،
باي قىلماق يوق نامراتلارنىڭ شورار قېنىنى،

يۇرت تۇتمىغاي ئادەملەرنىڭ مۇنداق قىلىنى،
كىيىپ كىبىر تونلىرىنى قىتىشقا ماھىر.

كۈنى ئۆتەر ئىش ـ خىزمەتنىڭ قىيناپ جىنىنى،
لاپ ئۇرادۇر تاراقشىتىپ قۇرۇق تېرىنى،
«چىرىكلىككە ئوت ئاچتۇق» دەپ چىڭدار يىنىنى،
(بۇ ئەمەسمۇ داموللامنىڭ كۆلگە سىيگىنى)
پىكىر قىلساڭ ئۆچ، ئىنتىقام ئېلىشقا ماھىر.

كىم بىلمەيدۇ بۇ كۈنلەردە ئىشنىڭ سىرىنى،
ھوقۇق تاپتى ئايرىملارنىڭ مايلاپ گېلىنى،
ئەمدى كۆرۈڭ گىدىيىۋالدى قىرلاپ شىمىنى،
ئەمەل دېگەن قەغەز بۆكتۇر تاپتىڭ نېمىنى،
راھەت قوغلاپ مۇشەققەتتىن قېچىشقا ماھىر.

پايدىسى يوق قىلچە ئەلگە باركى زىيىنى،
مۇنداقلارغا ئەل ـ يۇرت ئۆچتۇر چىشلەر لېۋىنى،
ھەر كۆرگەندە ئەسكە ئالار ئاچ كۆز بۆرىنى،
تېشىپ چىقسا دەپ تىلەيدۇ ھارام يېگىنى،
نەپسى ئۇچۇن ۋىجدانىنى سېتىشقا ماھىر.

# ۋىچىركا

يانچۇقلارنى قۇرۇقداپ كولايدىغان ۋىچىركا،
بىر - بىرنى قوغلىشىپ دورايدىغان ۋىچىركا.

بىزدە يوقتى بۇ ئادەت، نەدىن كەلدىڭ سەتلىشىپ،
يالماۋۇزدەك جىمىنى شورايدىغان ۋىچىركا.

سەن ئىكەنسەن ئەسلىدە، ئىسراپخورنىڭ چۆپقىتى،
بىزگە قانداق چاپلاشتىڭ تويمايدىغان ۋىچىركا.

پۇلدارنىغۇ دوست تۇتقىن، قانداق قىلۇر نامرىتى،
يۇزى قېلىن، ئۆزىنى بىلمەيدىغان ۋىچىركا.

يىقىلغاننىڭ بىلىگە تەپمەك بولۇپ ئۇستىلەپ،
رېستوراننىڭ ئۇلىنى چىڭدايدىغان ۋىچىركا.

قاتار كەلگەن قاسساپتەك چالا قويماي ھېچكىمنى،
خام تالاش قىپ گۆش كەبى توغرايدىغان ۋىچىركا.

مىڭ جاپادا كۇندۇزى، تويىنى ئاران تۇگەتسەك،
رېستورانغا يەنە كەچ سۆرەيدىغان ۋىچىركا.

بۇزۇپ شېرىن ئۇيقۇنى، تۇننىڭ راھەت پەيزىنى،
بوغۇزلانغان ئۆچكىدەك تووۋلايدىغان ۋىچىركا.

سەندە ئەجەب بۇزۇلدى، نەپس ئۇيغۇر ئۇسسۇلى،
مەستلەر نايناق تەخەيدەك تولغايدىغان ۋىچىركا.

چوڭ توي تۇگۈل تويمۇ توي (بۆشۈك تويى، ئۆي تويى،
جۇۋان تويى، خەتنە توي) قاتراپدىغان ۋىچىركا.

سۇرۇشتۇرۇپ قاتارى، نۆۋەت بىلەن ئاختۇرۇپ،
پىياز كەبى ھەر كىمنى ئاقلايدىغان ۋىچىركا.

قايرىپ قويۇپ بىر چەتكە سالامەتلىك - ساقلىقنى،
«ئىچە - ئىچ» دەپ هاراقتا زورلايدىغان ۋىچىركا.

ئاددىي - ساددا ياشاشنىڭ مىزانىدىن چەتلىشىپ،
كەيپىياتنى - مۇھىتنى بۇلغايدىغان ۋىچىركا.

ھەشەمەتنى قوغلىشىپ، قەرز ئارتىپ پاتاڭغا،
خىجالەتنىڭ يىپىدا باغلايدىغان ۋىچىركا.

شەرمى - هايا، پەزىلەت، ئادىمىيلىك خىسلەتنى،
ئارىمىزدىن يوق قىلىپ قوغلايدىغان ۋىچىركا.

بەسلەشكىلى كەلدىڭمۇ، مەشرەپ ئاتلىق شوخ بىرلە،
ھېچبىر چاغدا ئۇنىڭغا يەتمەيدىغان ۋىچىركا.

نەدىن كەلسەڭ شۇ يەرگە كەتكىن دەرھال كەت يىراق،
بىزلەر ئۇچۇن ئەسلا ماس كەلمەيدىغان ۋىچىركا.

# ئابرۇيۇڭنى سېتىپسەن

(2005 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە
بېسىلغان «شىنجاڭدا 2004 - يىلى 549 پارىخور ئەمەلدار غۇلاپ
چۈشتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىنى ئوقۇپ)

ئەمەل تېپىپ خەلقىمدىن يىراقلاپسەن، قېچىپسەن،
ئاگاھ بولماي ھەرقەددەم، خەتەر يولغا مېڭىپسەن.

ئەلگە مېۋە بەرمىگەن قۇرۇق قاقشال دەرەختەك،
قامىتىڭگە ھال قونۇپ گىدىيىپسەن، قېتىپسەن.

ئىزدەپ بارسا نەچچە رەت دەرد - ھال ئېيتىپ نامراتلار،
لەببەيچىلەر چاقىرغان رېستورانغا چېپىپسەن.

«ئىلغارلىقنى ساقلاڭلار» دېسە مەركەز تەكىتلەپ،
«ماقۇل» دېگەن چىرايلىق، رەڭدار گەپنى تېپىپسەن.

ئىشقا ئاشماس «ماقۇل» نىڭ سورىقى بار ئەلۋەتتە،
ئەگرى يولنى خوپ كۆرۈپ، دۇرۇس يولدىن ئېزىپسەن.

مىڭ پۇكلىنىپ چوڭامغا، چىش يىرالماي يامانغا،
ياۋاش، يۇمشاق پۇقرانىڭ گەجگىسىگە مىنىپسەن.

نايناقلاپسەن ئەجەبمۇ، خەلقىم بەرگەن ھوقۇق بۇ،
ئېرىقى يوق كەلكۈندەك، بەڭباش بولۇپ ئېقىپسەن.

«چوڭ يەپ ـ ئىچىش خاتادۇر» دېگەن پەرمان كەپ تۇرسا،
قايرىپ قويۇپ خىزمەتنى، كۆندە قورساق بېقىپسەن.

ناباب ئادەم قانداقچە ياماشقاندۇر دەپ تۇرساق،
نامۇۋاپىق يول تېپىپ، دۆڭگە ئىتتىك چىقىپسەن.

ئىشخاناڭنىڭ تېمىغا چاپلاپ ياڭراق شوئارنى،
ئەمەلىيەتتە مەي ـ ئىشرەت قوغلاپ مەيدە يېقىپسەن.

«بىزنى ھاللىق قىلار» دەپ ئەل ـ يۇرت ئۈمىد باغلىسا،
كۆمىچىڭگە چوغ تارتىپ، ئۆزۈڭ بەكرەك بېيىپسەن.

ئويلىدىڭمۇ بەگلىكنىڭ نىشانىسى يېمەك دەپ،
نەپسىڭ ئۈچۈن ئالدىراپ، ئابرۇيۇڭنى سېتىپسەن.

تولغاچ بۇگۇن پەيمانىڭ، تۈتتى پۇقرا ئىنجىقى،
چۈنكى تۈز يەپ، تۇزلۇقنى يەرگە ئۇرۇپ چېقىپسەن.

بارار جايىڭ بوپ قالدى شۇڭا ئەخلەت كارىزى،
بولۇپ تويماس پارىخور، بۇلغىنىپسەن، سېسىپسەن!

# يىگىتلەر

ئوقۇۋاتقان قىزلارنى قوغلاشماڭلار يىگىتلەر،
بۇدۇشقاقتەك پېشىگە چاپلاشماڭلار يىگىتلەر.

چوڭ بولدۇڭلار يۈگەنسىز، كۈندە قېچىپ مەكتەپتىن،
بىلىم ئالسۇن بۇ قىزلار، پۇتلاشماڭلار يىگىتلەر.

يەتمىدىڭلار مەرىپەت، پەن ـ بىلىمنىڭ قەدرىگە،
تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل تېپىپ تاقلاشماڭلار يىگىتلەر.

ئالداپ ساددا قىزلارنى شېرىن سۆزدە ئازدۇرۇپ،
«سىز گۈزەل» دەپ يالغاندىن ماختاشماڭلار يىگىتلەر.

ئاشىقلىقتىن گەپ ئېچىپ، دەرستىن بۆلۈپ زېھنىنى،
قىزچاقلارنىڭ بەختىگە چوت چاپماڭلار يىگىتلەر.

«پۇلدار بىز» دەپ دام سېلىپ، سانتانانى پىرقىرىتىپ،
كەلگۈسىنى قولتۇقلاپ ئەپ قاچماڭلار يىگىتلەر.

نادان يۈرۈپ تاپقان پۇل، ۋاقىتلىقتۇر بەربىر،
ئۆزۈڭلارنى قىزلارغا داڭلاشماڭلار يىگىتلەر.

تالاي قىزنىڭ ئۈمىدى ـ تەلىيىنى كاج قىلىپ،
«سىزنى تۈنجى سۆيدۈم» دەپ ئالداشماڭلار يىگىتلەر.

ياشلىق قايتا كەلمەيدۇ، زەپەر قۇچقاي بۇ قىزلار،
تەقدىرىنى مايمۇندەك ئويناتماڭلار يىگىتلەر.

سىلەر بىلەن تۈگىگەي بىلىمسىزلىك ـ نادانلىق،
زەيدە قالغان تۆمۈردەك، داتلاشماڭلار يىگىتلەر.



# مىلىك تۇۋا

مەن تۆلىدىم ھەقىقىي دوستۇم يېگەن مانتىغا،
ئۇ ماڭىدۇ غېمى يوق، ئوينىاپ ـ كۈلۈپ تانىسىغا،
پۇل ئالغىنى خاتىرجەم، مەن تۇتۇلدۇم بانكىغا،
ئارازلىشىپ ـ بوغۇشۇپ ئاخىر كەلدۇق ساقچىغا،
ئىبرەت بولسۇن يارەنلەر، كېپىللىككە مىلىك تۇۋا.

بىر كۈن ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ دوستۇم كەپتۇ قېشىمغا،
دېدى، ـــ ساڭا خۇش خەۋەر، ئامەت قوندى بېشىمغا،
كېپىل بولساڭ بانكىغا، ياردىمىڭ شۇ ئىشىمغا،
قول قوي قىلما پىخسىقلىق، زەررە ئىمزا ـ ئىسمىغا ـــ
دېسە كېپىل بوپتىمەن، كېپىللىككە مىلىك تۇۋا.

ئالار چاغدا ئالمان قۇش، بولۇپ ئۇچتى ئاسماندا،
ئەمدى كۆرۈڭ شۇمشەيدى قەرزى مۇددەت توشقاندا،
مېنى تاپتى بانكىلار، دوستۇم ھەر يان قاچقاندا،
نە ئىلاجىم تۇتۇۋالدى مائاشىمنى ھەر ئايدا،
ئىبرەت بولسۇن يارەنلەر، كېپىللىككە مىلىك تۇۋا...

قويمىچىنىڭ بەك جىققەن ھەر خىل ھىيلە ـ تەدبىرى،
كېپىللىككە سۆرەشمۇ ئىكەن ئۇنىڭ بىر تۈرى،
قۇتقازساڭ دەپ بانكىدىن يالۋۇرىمەن ھەر كۈنى،
ماڭا نېسىپ بولمىدى بۇ دوستۇمنىڭ كۆز قىرى،
ئىبرەت بولسۇن يارەنلەر كېپىللىككە مىلىك تۇۋا.

سەكرىيەلمەس ھېچقاچان پىت ئەزەلدىن بۇرگىدەك،
ئىتمۇ ئويلاپ كۆتىنى دەڭسەپ سۆڭەك يېگۇدەك،
ھالغا تۇشلۇق ئىش قىلسا زامانمۇ خوپ كۆرگۇدەك،
پۇلنى قانداق ئالارمەن ئەلپازى يوق بەرگۇدەك،
ئىبرەت بولسۇن يارەنلەر، كېپىللىككە مىڭ توۋا!



# بەش بالاڭنى قويۇپ بار

ئاقىللارغا ـ بىلگەنگە ئەجداد سۆزى مەدەتكار،
هەر جۈملىسى مىڭ هېكمەت، مەزمۇنى مول ئۇلۇغۋار،
نەسىھەتى يادىمدا شۇڭا بولماس يولۇم تار،
سەنمۇ تۇتقىن ئېسىڭدە، شۇنداق دەيدۇ دانالار:
«تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار».

قويۇپ كەلگىن ئۆيۈڭدە ئوغۇل ـ قىز ۋە نەۋرىنى،
كىچىك بالا قويمايدۇ چاي ـ زىياپەت پەيزىنى،
يېگىنىنىڭ تايىنى يوق، قىلۇر يولسىز غەلۋىنى،
ماي قولىدا ماژغاللار يېڭى كىيىم ـ پەردىنى،
«تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار».

يېگۈسى يوق «نان» دېسە، ئىچكۈسى يوق «سۇ» دەيدۇ،
« چوچوي » دەيدۇ غەر يىغلاپ ئوبۇرنىغا كىرمەيدۇ.
تىت ـ تىت قىلىپ سېنىمۇ زادى تىنچ يۈرمەيدۇ،
خىجىللىقتا سىقىلساڭ ئۇ قىلچىمۇ بىلمەيدۇ،
«تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار».

پارلاق ئىرۇر كەلگۈسى، كىچىكلەرنىڭ بەختى بار،
زىياپەتكە ـ سورۇنغا بېرىشقا سەل ۋاقتى بار،
ساڭا سەۋر يار بولغاي، هەر ئىشنىڭ ئۆز پەيتى بار،
دوستۇم زەررە ئەسكەرتىپ يەنە قىلدىم ئېتىبار،
«تويغا بارساڭ تويۇپ بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار».

# ئايرىمخانا

(«5000 پارچە نېسى يەپ - ئىچكەن ئاق ھۆججەت نامرات ناھىيە بازىرىدىن چىقتى» سەرلەۋھىلىك گېزىت خەۋىرىنى كۆرۈپ)

ساق گاللارنى مايلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا،
ساددىلارنى بابلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

«چوڭ يەپ - ئىچىش خاتا» دېسە «ھە ماقۇل» دەپ،
يەپ - ئىچىشنى باشلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

سۆكۈپ تۇرساق ئىسراپچىلىق ئىللىتىنى،
نەچچە ھەسسە قاتلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

ئاددىي - ساددا ياشاش روھىي مىزانىنى،
يىراق چۆرۈپ تاشلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

بىر دېھقاننىڭ بىر يىل ئىشلەپ تاپقىنىنى،
بىر ئاخشامدا يالمىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

ئارقا ئىشىك يوللىرىنى راۋان قىلىپ،
ئىشنى «پۈختا» جايلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

بەزىلەرنى ئىشقى - ھەۋەس ئوتلىرىغا،
كاۋاپ قىلىپ قاقلىغۇەتتىڭ ئايرىمخانا.

ئائىلىسىگە سادىق يىگىت، ساق جۇۋاننى،
قەدىناسىدىن ئايرىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

رەڭلىك سورۇن تۈزەپ قىلىن يۇمۇر ئاڭلاپ،
پەدىشەپنى قايرىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

سىرلىرىڭنى بىلەلمەس قىپ راملىرىڭنى،
ھىم شىلىملاپ چاپلىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

پولات شەمشەر بىسلىرىنى قەلەيدىنمۇ،
بەتەر قىلىپ قايرىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

ساڭا جەمدۇر پۇلنى ئاسان غەملىگەنلەر،
جاپاكەشنى شاللىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

يىگەن - ئىچكەن خىراجەتنى بىر ئاماللاپ،
ھۆكۈمەتكە ئارتىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

خۇشامەتكە خۇشتار قىسمەن كاتتىلارنى،
كىتەلمەس قىپ باغلىۋەتتىڭ ئايرىمخانا.

# پۇلغا ئامراقلار

يامان ئىشتىن قول ئۈزمەيدۇ ئەركە ـ نايناقلار،
نەپنى كۆرسە جان بېرەدۇر كۆڭلى مايماقلار.
ئۇچراپ تۇرار ئارىمىزدا ئەنە شۇنداقلار،
پاك خىسلەتتىن يىراق قالغان پۇلغا ئامراقلار.

راست سۆزلىسەك پۇل دېگەنگە ھېچكىم ئۆچ ئەمەس،
كۆز ـ قىرىنى سالمىغانلار ئانچە دۆت ئەمەس.
ئاز سانلىقتۇر جەمئىيەتتە بەكمۇ كۆپ ئەمەس،
پەسكەشلىكتىن «ئامەت» تاپقان پۇلغا ئامراقلار.

ئۆسمۈرنىمۇ ئالداپ پۇلغا سېتىۋەتتى بىرى،
ھاجەتمەندىن قىزىل بولاق ئېپ كەتتى بىرى.
پۇرسەت كەلدى ئاجايىپ دەپ يەپ كەتتى بىرى،
ئىنسابىنى قۇرت يەۋالغان پۇلغا ئامراقلار.

دۇرۇس يولدا غېنى بولغىن، پۇل تاپقىن مەيلى،
ئامىتىڭگە ئاپىرىن ئېيتىپ ياشاپ كەت دەيلى.
سەسكەندۇردى ئاچ كۆزلەرنىڭ ئەسكى خۇي ـ پەيلى،
ئۇ بولسىمۇ يولدىن ئازغان پۇلغا ئامراقلار.

پۇللا بەرسەڭ ئايرىماستىن ياخشى ـ يامىنى،
بۇغداي تۇرسا ماختاپ بېرەر يىرىك ـ سامىنى.

قايرىپ قويار ئىنساب، ئەخلاق، غۇرۇر - ۋىجداننى،
ئەگرى يولدىن شان قازانغان پۇلغا ئامراقلار.

مۇنداقلاردا يوقكەن سەۋرى، شۇكۇر - قانائەت،
بوپ تۇرسىمۇ كۇندە كىرىم، كۇندە تاپاۋەت.
«تاپقىنىم ئاز» دەپ قىلۇركەن يەنە شىكايەت،
نەپ بار دېسە چوغنى يۇتقان پۇلغا ئامراقلار.

پۇل بولمىسا بولماس بەرھەق، هايات دېگەندە،
چەپ يېزىپتۇ دېمەك مېنى بۇ ئەتىگەندە.
چەكتىن ئاشتى بىلەر بىر كۇن پۇشمان يېگەندە،
يار لېۋىدىن هېچ يانمىغان پۇلغا ئامراقلار.



# پايپاق

بۈگۈن ئالسام ئاران بىر كۈن پايلىغان پايپاق،
دېمەك مىڭلاپ خېرىدارنى جايلىغان پايپاق.

لەنەت سېنى توقۇغاننىڭ جەددىگە لەنەت،
ساختىلىقتىن ھېچبىر ئىزا تارتمىغان پايپاق.

ئۆمۈچۈكمۇ سەندىن چىڭراق توقۇيدۇ تورنى،
زەررە ئىنساب، سەمىمىيەت قالمىغان پايپاق.

ئاش پىشقان يوق تا ئەزەلدىن ياغاچ قازاندا،
بۇ چىنلىقتىن زادى ئىبرەت ئالمىغان پايپاق.

سۆكۈپ تۇرساق ئالدامچىلىق - ساختىلىقنى بىز،
كۆنۈپ كەتكەن خۇي - پەيلىدىن يانمىغان پايپاق.

سۈپىتىڭنى تەكشۈرۈشكە بارغان جانابىنىڭ،
ئېغىز - بۇرۇن، گاللىرىنى مايلىغان پايپاق.

سەھەر كىيسەم كەچقۇرۇندا ئۇچى تېشىلىپ،
پۇت - بارمىقىم چاشقان كەبى مارىغان پايپاق.

كەتكەنمىدۇر ئىنسابىڭنى مۈشۈك ئەپقىچىپ،
جىمى ئادەم سەندىن ھازىر قاقشىغان پايپاق.

كىچىك ئىشنى يېزىپتۇ دەپ قالماڭ بۇرادەر،
سەن سەۋەبلىك چوڭ - چوڭ ئىشلار ئاقسىغان پايپاق.



# رەڭلىك سورۇن

پەيدا بوپسەن يېڭىدىن رەڭلىك سورۇن - رەڭ سورۇن،
ئاپئاق يۇزگە چىققاندەك قاپقارا سەت مەڭ سورۇن.

چىچەكلىگەن ئەخلاقىنىڭ بەرگىسىنى خەس قىلىپ،
تاشلاپ بەردىڭ ئېشەكنىڭ ئوقۇرىغا يەم سورۇن.

ئەر چىقاركەن ئۆيىدىن «كەچتە بىزگە يىغىن» دەپ،
ئۆينى گوللاپ قىز كېلەر يالغانچىلار جەم سورۇن.

شەرم - هايا قايرىلىپ مەي ئىچەركەن جۇپ بولۇپ،
ئار - نومۇستىن ئەسەر يوق ھىدى سېسىق، ھېڭ سورۇن.

ئەرنىڭ جۇپتى ئۆيىدە، تۇرسا قىزنىڭ ئامرىقى،
ئىمكانىيەت «ئوغرى» غا نېمە دېگەن كەڭ سورۇن.

كەتتى گوللاپ دادىسى، قاتار چاي دەپ ئانىسى،
ئۆيدە قالغان سەبىينىڭ كۆزلىرى ياش نەم سورۇن.

سەتەڭ پۇلنىڭ ئويىدا، يىگىت شەھۋەت كويىدا،
«جىنىنىڭ قەستى شاپتۇل»دۇر خۇددى قىلتاق پەم سورۇن.

بۇيرۇتمىنى چوكانلار كۆپ بۇيرۇتۇپ پىلاندىن،
پۇل چىقىشماي يىگىتتە يۈرەك پوك - پوك غەم سورۇن.

ئەخلاقسىزلىق - رەزىللىك، سەممىيلىك - سادىقلىق،
بۈگۈن سەندە مۇجەسسەم، ئەجەب كەسكىن جەڭ سورۇن.

ئىگىلىمەي پەن - بىلىم پەيتنى ئويناپ ئۆتكۈزۈپ،
نېمە تاپتىڭ ئېيتقىنا نىجاسەتكە تەڭ سورۇن.

ئىچىش تۈگەپ تۈن - تەڭدە، قايان ماڭدىڭ كىم بىلمەس،
بىشەملىكنىڭ ئامبىرى، يۈزى قېلىن چەم سورۇن.

ئىز قالدۇرغان دۇنيادا، خەلق دېگەن ئەدەپتىن،
يۈز كېلەرسەن قانداقمۇ، ئەجدادلارغا ئەي سورۇن!



# شۇنداق جاۋاب قىلامدۇق

كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىدىن «ئۆرپ ـ ئادەت» تۇغدۇرۇپ،
نە قىلارمىز ئۆزئارا سۈنئىي ئاپەت تۇغدۇرۇپ.

يوغان پوقاق ئۈستىگە قوشلاپ سۆگەل چىققاندەك،
ئىللەت ئازمۇ بىزلەردە يەنە ئىللەت تۇغدۇرۇپ.

توي كۆپەيدى بۇ كۈندە (بۆشۈك تويى، ئۆي تويى ـ
خەتنە تويى، ئات تويى...) كۆپ ھەشەمەت تۇغدۇرۇپ.

«تۇغۇلغان كۈن»، «ئۆسكەن كۈن».... تەبرىكلىنەر يۈزلەپ «كۈن»،
قىزارمىدى بۇ يۈزلەر خەج ـ تاپاۋەت تۇغدۇرۇپ.

ئەل ـ ئۆمرىدە بىر قېتىم توي قىلامدۇ قىز ـ يىگىت،
رېستوراندا كۈن ئۆتتى، تويدىن بەرىكەت تۇغدۇرۇپ.

تېخى باردۇر «ۋىچىركا»، «ئازنىلىق» ۋە «ناشتىلىق»،
نەگە يەتتۇق ئويلايلى، مىڭ كارامەت تۇغدۇرۇپ.

كۈندە قوغلاپ چاي ئىچىپ ئۆتەمدۇق ئەي يارەنلەر،
يەتمەي ۋاقىت قەدرىگە ئاھ! نادامەت تۇغدۇرۇپ.

«باغاق بەرسەم كەلمىدى» «داستىخىنى ئازكەن» دەپ،
ئەلچىلىشىپ ـ ئاغرىنىپ، ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇغدۇرۇپ.

ئوغۇلغىغۇ خەتنە توي، قىز تۇغقانلار دەرد بولۇپ،
پەيدا قىلدۇق «گۈل چېيى» «ئىجادىيەت» تۇغدۇرۇپ.

بىھۇدە ئىش قوغلىشىپ، ئىگىلىمەي پەن ـ بىلىم،
پۇشايماندا ئۆتمەيلى خەۋپ ـ مالامەت تۇغدۇرۇپ.

ئەجدادلاردا بار ئىدى ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنە،
شۇنداق جاۋاب قىلامدۇق، ئەيش ـ ئىشرەت تۇغدۇرۇپ.



# ھەيرانمەن

مەنسىپىڭدىن ماختىنىپ يۈرگىنىڭدىن ھەيرانمەن،
گەجگىسىگە پۇقرانىڭ مىنگىنىڭدىن ھەيرانمەن.

تارتمۇاتسا نامراتلار يوقسۇزچىلىق دەردىنى،
رېستورانغا ھەر كۈنى كىرگىنىڭدىن ھەيرانمەن.

ئايدا ئالغان ئىش ھەققى ئاران يەتسە ھەر كىمگە،
خەج ـ خىراجەت پەيزىنى سۈرگىنىڭدىن ھەيرانمەن.

«چىرىكلىككە ئوت ئاچ!» دەپ پەرمان كەلسە مەركەزدىن،
بېشىڭ پەسلەپ مۈك ـ غەمگە پاتقىنىڭدىن ھەيرانمەن.

پارىخورلۇق، ئاچ كۆزلۈك، يوقال كۆزدىن دەپ يازسام،
كۆز ئالايتىپ چىچاڭشىپ مۆڭگىنىڭدىن ھەيرانمەن.

چوڭنى كۆرسەڭ خوش ـ خوشلاپ، يادەك ئېگىپ بېلىڭنى،
پۇقرالارغا قاپاقنى تۈرگىنىڭدىن ھەيرانمەن.

ھاجەتمەنلەر دەرد ئېيتسا كۆز ئالايتىپ سەتلىشىپ،
لېكىن «چوڭ»نى كۈن ئاشماي كۈتكىنىڭدىن ھەيرانمەن.

ئاپەت بولغان جىددىي چاغ ئۆتتۈپ ئەلنىڭ ئاھىنى،
تانسا چىققان ئەۋجىگە ئۆيلىرىڭدىن ھەيرانمەن.

ۋەدە بېرىپ پۇقراغا «مەن پۇقراغا چاكار» دەپ،
ئىش ھەل قىلماي مۇغەمبەر كۆلگىنىڭدىن ھەيرانمەن.

ئۆتۈۋېلىپ قىل كۆۋرۈك - تۇنۇگۇنكى سايلامدىن،
ئەمدى ئىشرەت كۆلىدە ئۈزگىنىڭدىن ھەيرانمەن.



# شەكىلۋاز

چەللىلەردە ئات چېچىپ، سۇرەن سالدىڭ شەكىلۋاز،
سىيامبۇدىن داپ كېرىپ، ئەجەب چالدىڭ شەكىلۋاز.

شەكىل قوغلاپ رەڭ قوغلاپ، بوياپ خەقنىڭ كۆزىنى،
نەدە بولسا داغۋازلىق، شۇيان ئاغدىڭ شەكىلۋاز.

تۇز يول تۇرسا ئالدىڭدا ئاكتىپ ئاتاق ئالماققا،
قىيان كېچىپ ئۆستەڭدىن ئەتەي ماڭدىڭ شەكىلۋاز.

رەڭۋازلىقنىڭ شەيتىنى، ئەتىمالىم نەپ بەردى،
ئادىمىيلىك يولىدىن شۇڭا ئازدىڭ شەكىلۋاز.

ئەجەب بەتتەم گەپ ـ سۆزۈڭ، ئىشىڭ سۈنئىي نېمانچە،
قۇۋلۇق قىلىپ نەزەردىن چۈشۈپ قالدىڭ شەكىلۋاز.

خاتا تاللاپ مەۋقەنى كىرىپ قاپسەن تانەككە،
داغدام يولدىن، ھەق يولدىن ئۆزۈڭ تاندىڭ شەكىلۋاز.

ھەر جۈملەڭدە «چوقۇم» نى چىڭقاپ سۆزلەپ يالغاندىن،
تۈنۈگۈنكى ئەھدىڭدىن، بۈگۈن ياندىڭ شەكىلۋاز.

ئىش ـ ھەرىكەتنى ئۆلچەيدۇ، خەلقنىم ئادىل تارازا،
رەڭۋازلىقتا ئەل ئىچى ئاتاق ئالدىڭ شەكىلۋاز.

ئەمەلىيەتچىل، راستچىللىق، ھەققانىيەت دەۋرى بۇ،
ئادەم بولساڭ دۇرۇس بول، بۇگۇن چاندىڭ شەكىلۋاز.



# كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار

يېڭىلىنىپ بىر كۈندە ئۆزگىرەركەن جىق ئىشلار،
راۋانلىشىپ يول ـ كۆۋرۈك، ئەگرى ئۆستەڭ ـ ئېرىقلار.
چاپلىناركەن سۇۋاقتا سەت تامدىكى يېرىقلار،
(ئاپئاق بولۇپ ئاقلىنىپ قارا ـ قۇرا، سېرىقلار)
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

كەلمىسەڭلار بىز تامان ئىش ـ ئەمگەككە ئېرىنىدۇق،
بىز بارمىز دەپتىڭلار تازىلىققا يىغىلدۇق.
قىشتا ياتقان قوڭغۇزدەك بۇگۈن مىدىراپ تىرىلدۇق.
رەتلىك كىيىپ ئۇستىباش بايراملىق تون يېپىندۇق،
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

يول بويلىرى رەڭلىنىپ دەرۋازىلار سىرلاندى،
پەردازلىنىپ قىر ـ قاشلار تاناپتەك تۈز قىرلاندى،
كۆزگە يېقىن يەر بولسا تۇننا ـ تۇننا قىغلاندى،
كەم قالغاننى كۆرمەك تەس بەكمۇ پۇختا ھىملاندى،
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

ھويلا ـ ئارام پاك ـ پاكىز، مال ـ ئوقەتنى تەل قىلدۇق،
كونا چىگىش ئىشلارنى ئەجەب ئىتتىك ھەل قىلدۇق،
تەسىرلىنىپ ئىشلاردىن كۆزىمىزنى نەم قىلدۇق،
يەنە كېتىپ قالسىلە، بىز بۇنىڭدىن غەم قىلدۇق،
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

قويلىرىغا قوي قېتىپ كەمبەغەلنى باي قىلدۇق،
يېزىمىزغا ئىش قوشۇپ ياخشى ماكان - جاي قىلدۇق،
«مەدەنىيەت ئۆيى» نى بۈگۈن ياساپ ھاي قىلدۇق،
سەھنە تۈزەپ تۈن تەڭدە مول ھوسۇلدىن توي قىلدۇق،
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

توپا - چاڭلىق يوللارغا سۇنى چاچتۇق قانغىچە،
قولدىن چۈشمەس سۈپۈرگە تا ئاخشامدىن تاڭغىچە،
چالا قويماي سۈپۈردۇق تام - تورۇستىن رامغىچە،
داۋاملىشار بۇ ئىشلار ئەپسۇس سىلەر يانغىچە،
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

سىلەر كېلىپ ئوخشىدى بۇ جاي خۇددى جەننەتكە،
ئەمدى كېتىپ ئۈچ كۈندە ئەتراپ تولدى ئەخلەتكە،
دوقمۇشلارغا توپلىشىپ راسا چۈشتۇق غەيۋەتكە،
ھەجۋىي يازماي بولامدۇ مۇنداق رەڭۋاز ئىللەتكە،
يېزىمىزنى تەكشۈرۈپ، كەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

كوچىلارغا سىن قوشقان شارلار ئۈچۈپ ھاۋادا،
مۆھىت ئەجەب پاكلانغان سىلەر كەلگەن چاغلاردا،
قېرى - ياشلار شادلانغان مەشرەپ، نەغمە، سامادا،
ۋاقتىڭلار قىس كېلەلمەي قالساڭلارمۇ ناۋادا،
«ئەتە - ئۆگۈن بارىمىز» دەپ تۇرساڭلار باشلىقلار.

# باغاقلار

چالا قويماي ھېچ ئۆينى، ئىشىك چەككەن باغاقلار،
بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ، زاپاس تەگكەن باغاقلار،
كۆپ قىسمىنى مائاشىنىڭ ئېلىپ كەتكەن باغاقلار،
ئىزا تارتىش - نومۇسنى تەرك ئەتكەن باغاقلار.

بىرى دەيدۇ: «سۈننەت توي»، يەنە تېخى «ئۆي چېيى»،
«تۇغۇلغان كۈن»، «ئۆسكەن كۈن»، بىرى دەيدۇ: «گۈل چېيى»،
بولۇپ شۇنداق پايپېتەك بىكار تۇرماس يىل بويى،
ئۇلاپ كەينى - كەينىدىن تىنماي كەلگەن باغاقلار.

ئىشتىن كەلسەك تۇرۇپسەن، زەنجىرلەرگە قىسىلىپ،
كۆڭۈل ئاياپ يول ماڭدۇق، كەتتى ئاياغ تېشىلىپ،
نەگە بارار ھەشەمەت مۇنچىۋالا كېڭىيىپ،
نورماللىقنىڭ چېكىدىن ھالقىپ كەتكەن باغاقلار.

غودۇرايدۇ سەن كەلسەڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى،
زادى ئارام بەرمىگەچ قائىدە - يوسۇن جەبرىسى،
بولماس مەنسۇپ ئۆزىگە ئاران كەلگەن شەنبىسى،
سەن كۆپەيگەچ تۇرمۇشقا، تەسىر يەتكەن باغاقلار.

ئىجاد، ئەمگەك، ئىختىرا، ئىشتىن بۆلۈپ زېھنىنى،
كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، بىزار قىلدىڭ ھەممىنى.
قايسى كۈنى سەن كەلدىڭ، خىجالەتنىڭ كەلگىنى،
ئۇلجا تاپقان ئوۋچىدەك، ئۇستا مەرگەن باغاقلار.

# خوشامەت

چىن ياشاشنى ئۆزىدىن ئىلغىغۇەتكەن خوشامەت،
رەزىللىكتە ئەتراپنى، قىغلىغۇەتكەن خوشامەت.

قاتتىق تۈزۈم ـ قائىدە، پىرىنسىپتىن كەچتۈرۈپ،
گاھى ئىشنى دالدىدا ئوڭلىغۇەتكەن خوشامەت.

ھەر ھەپتىدە نەچچە رەت گۆش قاينىتىپ مەقسەتلىك،
راستچىللىقنىڭ گېلىنى ياغلىغۇەتكەن خوشامەت.

مەردانىلىك، قەيسەرلىك، سەمىمىيلىك، مەردلىكنى،
ئۆز يېنىدىن يىراققا قوغلىغۇەتكەن خوشامەت.

ئادەمسىياق شەيتاننى چىن غەمگۇزار كۆرسىتىپ،
باش بارماقتا ھەسسىلەپ ماختىغۇەتكەن خوشامەت.

ئار ـ نومۇسنى يوق قىلىپ، تويمايدىغان نەپسچۈن،
شوراپ ـ شىلىپ تاپاننى، يالىغۇەتكەن خوشامەت.

يالغان كۈلكە، ساختا سۆز، رەڭۋازلىقنىڭ كۈچىدىن،
توغرا ئىشنى خاتاغا، تولغىغۇەتكەن خوشامەت.

مەنپەئەتنىڭ تاماسى، ھوقۇق - ئەمەل بالاسى،
ئېگىپ بەزى بەللەرنى پۇرلىغۇچتەكەن خۇشامەت.

دۇرۇس ئالغان قەدەمنى «خوش - خوش» بىلەن قايدۇرۇپ،
ھەقىقەتنى بىر مەھەل گوللىغۇچتەكەن خۇشامەت.

تازا ۋىجدان - غۇرۇرنى مەيگە قىلىپ زاكوسكا،
نەپلەر ئۈچۈن مىڭ پارە، توغرىغۇچتەكەن خۇشامەت.

بۇس چىقىرىپ ئەتراپقا، تاجى رەڭدار ھۆپۈپتەك،
شۇنچە گۈزەل مۇھىتنى بۇلغىغۇچتەكەن خۇشامەت.

تاماخورلۇق دەستىدە تىنىم تاپماي ماڭغانىنىڭ،
بوي - بەستىنى يۇمشىتىپ، قاتلىغۇچتەكەن خۇشامەت.

ئىزدەپ ئامەت - بەختىنى شىرە - پەتنۇس، تەخسىدىن،
ئايرىلماسقا مېھرىنى باغلىغۇچتەكەن خۇشامەت.

ۋاقىتلىقتۇر ئامىتى، ئەپتى ھامان ئاشكارا،
ئۆز - ئۆزىنى كارامەت چاغلىغۇچتەكەن خۇشامەت.

بولمىسىمۇ بىر قانۇن، يا دورا بۇ ئىللەتكە،
ئەمما خەلقىم قاتاردىن شاللىغۇچتەكەن خۇشامەت.

# غەيۋەتخور

ئىناقلىقنىڭ ـ ئۆملۈكنىڭ، كۈشەندىسى غەيۋەتخور،
بەندە ئىچرە ئەسكىسى ـ پەسەندىسى غەيۋەتخور.

تىكەن تېرىپ تىلىدىن، شور ئۆرلىتىپ ئىزىدىن،
بۇلغايدىغان مۇھىتنى، قىغ ـ گەندىسى غەيۋەتخور.

پىتنە چاچار يول ـ يولدا، تۈنلەپ رەستە ـ دوقمۇشتا،
ياخشىلارغا شۇملۇقنىڭ، جۈت ـ شەپىسى غەيۋەتخور.

ئۇستۇن ـ تۈۋەن دوكۇلداپ، كىمنى كۆرسە كۇسۇلداپ،
تىنىم تاپماي گەپ ئىزدەر، كەچ ـ ئەتىسى غەيۋەتخور.

ئۇگۇت قىلىپ ئىغۋانى، تۇگمىنىدە ھەسەتنىڭ،
تارتىپ ھەريان تۇز چاچقان، تۇگمەنچىسى غەيۋەتخور.

تىللاش، غاجاش، قاغاشتۇر ھامان كەچمىش قىسمىتى،
ھازازۇلنىڭ ـ پېشكەلنىڭ چۆپقەتچىسى غەيۋەتخور.

«رەسۋا» دەيدۇ خەقلەرنى، سىلاپ باقماي گەدەننى،
ئۆزى تۇرۇپ بۇ يۇرتنىڭ، شەرمەندىسى غەيۋەتخور.

كىم كۇلمەيدۇ زاغ تىللاپ «ئەسكى» دېسە بۇلبۇلنى،
نومۇسسىزلىق ـ پەسلىكنىڭ يەرمەنكىسى غەيۋەتخور.

ئۆتمەس مىنۇت ـ سائەتى، جاڭجال، پىتنە ئادىتى،
جەمئىيەتنىڭ كىر ـ پاسىق، راك ـ رەزگىسى غەيۋەتخور،

كۆز ئالدىڭدا ھى ـ ھىلاپ، تىغ تەڭلەيدۇ كەينىڭدىن،
كۆپكە قادىر چېقىمچى ـ سۇخەنچىسى غەيۋەتخور.

ئىناقسىزلىق ئەۋج ئالسا، كۆڭلى يايرار ئەجەبمۇ،
ئەمىنلىكنىڭ كۆيدۈرگە ـ سەرەڭگىسى غەيۋەتخور.

يۇرتتا چىقىقان ئۆسەك سۆز ـ تۆھمەتلەرنىڭ قازنىقى،
يالغانچىلار سەردارى ـ سەركەردىسى غەيۋەتخور.

پەردازلايدۇ ئەپتىنى، غەيۋەتخورلۇق كەسپىنى،
ئارازلىقنىڭ مەنبەسى ـ سەۋەبچىسى غەيۋەتخور.

نىمە تاپتىڭ غەيۋەتتىن، مىڭمۇەردۇق كارۋانلار،
غاجايدىغان ئىت كەبى، سۆڭەكچىسى غەيۋەتخور.

# چېقىمچى (I)

تالايلارنى تالاپەتكە قىلدىڭ دۇچار چېقىمچى،
ياخشىنى چېقىپ ـ پۇتلاپ قىلدىڭ بىچارە چېقىمچى.
يامانلارغا قانات تىلەپ قىلدىڭ «ئۇچار» چېقىمچى،
مەنسەپ، ئابرۇي، ئىناۋەتنى قىلدىڭ تاۋار چېقىمچى،
مەنپەئەت چۇن سودا ـ سېتىق قىلدىڭ بازار، چېقىمچى.

ۋىجدانىڭنى ئىت ـ مۈشۈك يەپ كەتكەنىكەن ئەسلىدە،
گۇناھسىزغا ئىللەت ئارتىپ چاقتىڭ مەنسەپ قەستىدە،
خامىلېئوندەك ئۆزگىرەرسەن رەڭگارەڭ ھەر پەسىلدە،
ئون ئادەمگە تىغ سانجىدىڭ ئاز دېگەندە ھەپتىدە،
چېقىۋېرىپ ياخشىلارنى قىلدىڭ «ناچار» چېقىمچى.

جاراھەتتىن ئىز قالدۇردۇڭ ياخشىلارنىڭ قەلبىگە،
نى ئاق كۆڭۈل، بىگۇناھنى قويدۇڭ ئازاب ـ جەبرىگە.
ھۈنىرىڭنىڭ كارامىتى بولدى ئايان ھەممىگە،
بۇ مىجەزىڭ ماس ئەمەستۇر بۈگۈنكى ھۆر دەۋرىگە،
نەچچىلەرگە زەھەر سانجىپ قىلدىڭ زار ـ زار چېقىمچى.

سەن ئىككەنسەن گۈلزارلىقتا ئۈنگەن ئوغرى شۇم تىكەن،
جان دوستلارغا دېشۋارچىلىق ئەسلى سەندىن كەپتىكەن.
ئادەم چېقىش سەۋەبىڭ دەل پايدا ـ ئىنئام، نەپتىكەن،
«چېقىمچىدىن يىراق قاچ» دەپ ئەجدادلار راست دەپتىكەن.
ئۆزگىلەرگە قازدىڭ ئورا، بولدۇڭ گۆركار چېقىمچى.

سەن ئارقىلىق تارقايدىكەن جىمى گەپنىڭ يالغىنى،
سەن ئىكەنسەن بۇ كەسپتە چاياندىنمۇ يامىنى،
سەن ئوينىغان نەيرەڭۋازلىق گويا مايمۇن سەنمى،
سەن بارلىكى ھەممە سورۇن پىتنە - غەيۋەت قاينىمى،
سەن سەۋەبلىك پاك نىيەتلەر يېدى ئازار چېقىمچى.

باشقىلاردىن نۇقسان تاپساڭ چاپتىڭ ئالتۇن تاپقاندەك،
ئوغرى مۇشۇك بۇلۇڭلاردا بەزگە قاراپ ياتقاندەك،
ئۆزگىلەرنىڭ بەختى كۇلسە، بولدۇڭ كۆك پىت چاققاندەك،
ئوڭۇشسىزلىق تارتسا بىراۋ بولدى ساڭا بايرامدەك،
ئىنسابىنى گۆرۈ قويۇپ ئولجا تاپار چېقىمچى.



# ئىچەرمەن

ئىزدەپ بارساق ھەممىشە ئورنۇڭ قاۋاق ئىچەرمەن،
چالۋاقايسەن تاڭغىچە، بېشىڭ قاپاق ئىچەرمەن.

سۇدەك ئىچتىڭ بەسلىشىپ، لايدەك ياتتىڭ سەتلىشىپ،
قوپالمايسەن ھەر سەھەر، كۆزۈڭ چاپاق ئىچەرمەن.

ئىچمەي قالساڭ كۈن ئاتلاپ، تۇرالمايسەن غۇموتلاپ،
تەييار ساڭا «زابوي» دەپ ئەسكى ئاتاق ئىچەرمەن.

«پەندىيات» دەپ نەچچە رەت، ئەمەل قىلماي ۋەدەڭگە،
ئىسپىرت بۈگۈن زەھەرلەپ، بوپسەن ئاۋاق ئىچەرمەن.

ئىچكەنگە خۇش سەن ھامان، مەنزىلىڭ يوق، نىشان يوق،
ئۆتەرسەنمۇ بىر ئۆمۈر تاپماي روناق ئىچەرمەن.

كەتتى ۋاقتىڭ بىھۇدە، مەي ـ شارابقا ئالدىراپ،
ئىجاد، ئەمگەك، ئىش دېسە لېكىن قاشقاق ئىچەرمەن.

ھاراق ـ سۈيۈق خىروئىن، ئىچىۋەرمە سىڭدى دەپ،
ئۆمرى نابۇت مەيخورنىڭ، بۇ بىر ساۋاق ئىچەرمەن.

مەست ـ ئەلەسنىڭ رىزقىنى، يەيدۇ ھوشيار ـ ئويغاقلار،
يۈرسەڭ چىقماي قاۋاقتىن، ئىشىڭ چاتاق ئىچەرمەن.

نېمە چىقتى ئويۇندىن، مەي خۇمارلىق خۇيۇڭدىن،
زامان نەدە، سەن نەدە؟ زېھنىڭ تاقاق ئىچەرمەن.

ئۇخلاپ ياتساڭ مەستلىكتە، دەسسەپ ئۆتەر چۇمۇلە،
شۇنچە كەسكىن رىقابەت، ئەتراپقا باق ئىچەرمەن.



# ھەسەتخورغا

داغدام يولدا كىم ماڭسا قاۋاپ كەتتىڭ قاۋاۋەر،
ئازگىللىغا ھەسەتنىڭ چوڭقۇر پاتتىڭ پاتىۋەر،
كاج يول ئىزدەپ ھەممىشە قىڭغىر ماڭدىڭ ماڭىۋەر،
پىتنە ـ پاسات ناغراڭنى راسا چالدىڭ چالىۋەر،
خەق پۇل تاپسا قان ـ تەردىن، ساناپ كەتتىڭ ساناۋەر.

ھازازۇلدىن ئەپتىڭگە ئۇلگە ـ ئەنداز ئالغانمۇ،
غاجاش ـ تىللاش سەن ئۈچۈن ياكى شادلىق بايراممۇ،
بىر كىم بىلەن ئەپ ئۆتسەڭ، شۇ كۈن ساڭا ھاراممۇ،
كاڭشىۋەرسە ئىت كۈندە پەرۋا قىلماس كارۋانمۇ،
ئەتراپىڭغا سەت كۆزدە قاراپ كەتتىڭ قاراۋەر.

بىرسى تۆھپە يارىتىپ، شان ـ شەرەپلەر قۇچقاندا،
ئالقىش ياڭراپ گۈلدۈراس، مۇكاپاتلار ئالغاندا،
بىرسى ئەلگە خوپ ياراپ، سازنى ياڭراق چالغاندا،
بىرسى كېرىپ كۆكرەكنى، سەپ ئالدىدا ماڭغاندا،
بىر يەرلىرىڭ ئېچىشىپ قاناپ كەتتىڭ قاناۋەر.

ھەسەتخورنىڭ ھەسەتتۇر ھەرۋاخ تائام ـ غىزايى،
ھەسەت ئاتلىق بۇ «مەلھەم» ئىكەن ئۇنىڭ شىپايى،
يەنە قىلساڭ قىلىۋەر سەن ھەسەتتە «پىدائىي»،
ئۆز يولىدا شان قۇچار، مەردنىڭ نىمە پەرۋايى،
ياخشىلارنى بىر ئۆمۈر غاجاپ ئۆتتۈڭ غاجاۋەر!

# پايدىسىز

ئارتۇق گىرىم - بوياقلار چىرايلىققا پايدىسىز،
ئۇنۇپ چىققان شۇمبۇيا گۈلزارلىققا پايدىسىز.

گەپ قىلدىم دەپ دەۋرەمە، ئورۇنسىز سۆز - غەيۋەتنى،
تۆھمەت، پىتنە - شىكايەت ئىناقلىققا پايدىسىز.

كۆڭلى - كۆكسى كەڭ ئادەم، سۈرەر ئۆمۈر پەيزىنى،
ھەسەتخورلۇق نەس كېسەل، ھاياتلىققا پايدىسىز.

يوق جاھاندا پەيلىدىن ئۆكۈنمىگەن سەپرالار،
گۇمانخورلۇق - غۇم ساقلاش خۇشاللىققا پايدىسىز.

كۈلكە ئۆمۈر ئوزۇقى، دەيدۇ بىزگە دانالار،
كۆكەملىك - بىشەملىك ساغلاملىققا پايدىسىز.

ئىشى يوقتەك بەزەنلەر، غەيۋەت ئىزدەر كەچكىچە،
بۇ ھال يۇرتنىڭ مۇھىتى - ئامانلىققا پايدىسىز.

كىنودىكى جەڭگاھقا تەقلىد قىلىپ بۇ يۇرتنى،
ھەممىگە سەت ئالىيىش رىئاللىققا پايدىسىز.

ئۆز ئەپتىنى پەردازلاپ، خەقتىن ئىۋەن ئىزدەشلەر،
مېھرىبانلىق، چىن دوستلۇق، ھەمكارلىققا پايدىسىز.

# بىنادىكى قوشنىلار

قوشنا ئارا ئىناقلىق، ئەنئەننى يوق قىلار،
ئىشىكلەرنى دەم تاقاپ يالغۇزسىراپ ئولتۇرار،
ئايلاپ ئۆيگە بېكىنىپ ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلار،
بىر - بىرىنى تونۇشماس بىنادىكى قوشنىلار.

ئۇچراشقاندا تەزىم يوق، قېنى ئەدەپ - ئەسسالام،
ئەجداد مىراس قالدۇرغان ھۆرمەت - ئىززەت ئېھتىرام،
«يىراقتىكى تۇغقاندىن ياخشى ھامان يان قوشنام»،
دېگەن ھېكمەت كار قىلماس بىنادىكى قوشنىلار.

ئۆتكەن ئىدى ئەجدادلار قائىدە - يوسۇن قوغلىشىپ،
ھەمكارلىشىپ ئۆزئارا، ئاش سۇنۇشۇپ، يوقلىشىپ،
ئويناپ مەشرەپ - باراۋەت ئۆم ئۆتەتتى توپلىشىپ،
ئەپسۇس بۈگۈن ئىز باسماس بىنادىكى قوشنىلار.

ئۇدۇلدىكى قوشنا تام كىمنىڭ ئۆيى بىلمەيدۇ،
ئوتتۇرىدا تاغ باردەك ئۇ يىل - بۇ يىل كىرمەيدۇ،
بىرسى زار - زار يىغلىسا سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيدۇ،
ھېچبىر ئىشقا خوشياقماس بىنادىكى قوشنىلار.

يۈندىسىنى ئىت كۆرمەس، ئىسلىرىنى ھەم بۇلۇت،
ئۆزى ئىچىپ، ئۆزى يەپ كېكىرىدۇ ھەر مىنۇت،

باش تىقمايدۇ، توي - تۆكۈن ياكى ئۆلۈم يا تۇغۇت،
بۇ جەھەتتە ئويلاشماس بىنادىكى قوشنىلار.

كەتمەيلى بىز ئۆزگىرىپ ئۆي ئالدۇق دەپ قەۋەتتىن،
كۈندىن - كۈنگە يىراقلاپ ئادىمىيلىك خىسلەتتىن.
قوشنا تۇرۇپ تونۇشماي ئۆتتۇق نىمە سەۋەبتىن،
مۇنداق ئۆتسەك قاملاشماس بىنادىكى قوشنىلار.



# پىنھان جاي

دوراپ ئەينەن ئىشرەتنىڭ سۈرىتىنى سىزغان جاي،
ئىچەرمەننى شىرەگە پات ـ پات جۈغ ـ جەم قىلغان جاي،
ئىسراپچىلىق ـ چوڭچىلىق كېلىپ چاڭگا تىزغان جاي،
ئاددىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ھەشەمەتتە بۇزغان جاي،
ئەجەب پەيدا بوپ قالدىڭ ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

تەخسىكەشلەر تەخسىنى تەڭلىمەككە قولايلىق،
يەڭ سودىسى قىلماققا بۇ جاي خىلۋەت ئوڭايلىق،
لەببەيچىلەر ياسىغان گەپ ـ سۆز ئەجەب چىرايلىق،
ئۆزى شۇنداق جەلپكار، نەپىس، گۈڭگا ـ تۇمانلىق،
ياخشى ـ يامان مۇجەسسەم ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

نىمكەش چاپان نامراتنى ياراتمايدۇ ـ يەكلەيدۇ،
پۇلدار كەلسە پەم بىلەن بىردەمدىلا ئەپلەيدۇ،
تېجەشلىكنى داغۋازلىق بۇندا ئەپچىل چەكلەيدۇ،
بەزەنلەر بار بۇ جايدىن زادى يىراق كەتمەيدۇ،
تۇرلۇك ئىللەت يامىرغان ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

قىلدى ۋەيران قانچىنى ئايرىپ ئوقەت ـ مۈلكىدىن،
تالايلارنى ئايردى قەدىناستىن ـ جۈپتىدىن،
ۋەيران بولدى بەزىلەر چىقىپ كەتتى يۇرتىدىن،

بىلەلمەيمىز بۇ ئۆينى قاراپ بېقىپ سىرتىدىن،
سىرلىق ئىشلار ئامبىرى ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

شۇنداقلار بار تىكىشىماي دەردمەن پۇقرا زارىنى،
كۆن ئۆتكۈزەر بۇ ئۆيدە تەكشەپ ئىشرەت سازىنى،
رەڭلىك سورۇن تۈزەيدۇ چىللاپ خەقنىڭ يارىنى،
ھەتتا ئالار بۇ جايدا پەملەپ سوۋغات ـ پارىنى،
ئاچ كۆزلەرگە پۇرسەت ئەپ، ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

ئېھتىياجدىن ئاشقىچە نازۇ ـ نېمەت تىزىقلىق،
يەپ ـ ئىچكەننىڭ ھېسابى ئىدارىگە يېزىقلىق،
بەش ـ ئالتىسى بۇ ئاخشام، بىر دېھقاننىڭ بىر يىللىق،
كىرىمىنى يەپ ـ يۇتسا، ئەمەسمىدۇر چىرىكلىك،
بەتخەجلىكنىڭ ماكانى ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

خام سۈت ئەمگەن بەندىنىڭ سەندە گېپى مايلىنىپ،
ھاڭغا چۈشسە ئۆز شورى، مەيدىن بېشى ئايلىنىپ،
سەن گۇناھسىز نەقىلاي ھەجۋي يېزىپ ئاغرىنىپ،
كۆچ ـ مەدەتتۇر كەڭ بازار، يۇكسىلىۋەر جانلىنىپ،
ھەر كويلارغا باب سورۇن، ئايرىمخانا ـ پىنھان جاي.

# كەيپلىك

ئادەملىكتىن ئادەمنى تەزدۇرەدۇر كەيپلىك،
توغرا يولدىن پەم بىلەن ئازدۇرادۇر كەيپلىك.
ئەقلىمىزنى كەينىگە ياندۇرادۇر كەيپلىك،
ئۆز گۆرىنى ئۆزىگە قازدۇرادۇر كەيپلىك.

ئىچىملىكنى كۆپ ئىچىش خالاپ ساراڭ بولۇشتۇر،
شەرم ـ هايا، ئەخلاقنى چەيلەپ قەستەن بۇزۇشتۇر.
مەست سورۇننىڭ ئاخىرى جېدەل ـ ماجىرا، ئۇرۇشتۇر،
يۈز ـ كۆزلەردە چاقا ـ ئىز قالدۇرادۇر كەيپلىك.

زەهەر چەكتى، ئىچتى دەپ ئوغۇللاردىن رەنجىسەم،
يولدا كۆردۈم بىر جۇۋان مەست يۈرۈيدۇ ھەمىشەم.
بۇ ھالەتكە نە دەيمەن شېئىردا پەرياد چەكمىسەم،
پاك جۇۋاننىڭ ئەتلىنى سالدۇرادۇر كەيپلىك.

ئەخلاقسىزلىق ئەمەسمۇ جۈپ ـ جۈپ بولۇپ ئىچكىنى،
قاس چىقىرىپ دېسكوغا بەل تولغىشىپ چۈشكىنى.
بۇ دەل ئىنساب ـ تەۋپىقنىڭ جىسمىمىزدىن كۆچكىنى،
بىزنى ئاخىر جاھاندا چاندۇرادۇر كەيپلىك.

پەن ـ تېخنىكا ئىلگىرىلەپ خەقلەر ئۇچسا مارسقا،
ئىچىملىكتە شوخلىشىپ، بىز پىرقىرىدۇق ۋالسقا.

مەست كاللىدا نە ئەقىل، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا،
بىخۇدلۇقنىڭ تەختىدە ياتقۇزادۇر كەيپلىك.

خەتەر ھاڭغا ـ ئازگالغا باشلار ھاراق شەيتىنى،
«زابوي» ئاتلىق سەت نامغا ھەمراھ دائىم ئىچكىنى.
يوق دۇنيادا مەي بىلەن مۇرادىغا يەتكىنى،
نادامەتكە، غەپلەتكە پاتقۇزادۇر كەيپلىك.



# يىغىن ئاچتىم

پۇقرالارنى تولۇق يىغىپ يىغىن ئاچتىم،
گەپنى قۇمدەك ئۇششاق ئېزىپ يىغىن ئاچتىم،
خىرقىراپ قالسام گالنى قىرىپ يىغىن ئاچتىم،
قاتناشقاننى قاتتىق سىقىپ يىغىن ئاچتىم،
دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىپ يىغىن ئاچتىم.

دادىل ئاتلاپ ئەسلىي مەزمۇن - چەمبىرەكتىن،
ھەيۋە قىلدىم ئوق ئاتقاندەك زەمبىرەكتىن،
سۆز باشلىدىم ئېچكى - تاشقى ۋەزىيەتتىن،
تېببىي بابتا يۆتەل، زۇكام، قەۋزىيەتتىن،
رىسالەمنى ئېچىپ - يېيىپ يىغىن ئاچتىم.

تەڭ تۇرالماس ھېچكىم ماڭا نۇتۇق - گەپتە،
يېرىم كۈنلۈك يىغىن بولسا سۇردۇم ھەپتە،
كۈندۈزنى باب كۆرمەي ئاچتىم ھەتتا كەچتە،
شەنبە، بايرام، ھېيت - ئايەم، ئارام پەيتتە،
يەكشەنبىنى كېسىپ - شىلىپ يىغىن ئاچتىم.

شۇنداق مۇھىم گەپلىرىمنى ئۇقمىغانغا،
سائىتىگە قاراپ بويۇن تولغىغانغا،
ئەلەم قىلدىم مۈگدەك بېسىپ ئۇخلىغانغا،
چىداش بەردىم ئاغزىم قۇرۇپ ئۇسسىغانغا،
گەپنى ئۆتكۈر قىلىپ - سىلكىپ يىغىن ئاچتىم.

«ئۇنتۇماڭلار تۆۋەندىكى گېپىمنى» دەپ،
«ئاز ئاچايلى، ساز ئاچايلى يىغىننى» دەپ،
«ئازايتايلى ئاممىدىكى بېسىمنى» دەپ،
«ئاشۇرمايلى يىغىندىكى چىقىمنى» دەپ،
مەزمۇننى تولۇق يېشىپ يىغىن ئاچتىم.

# چاي بېرىپ

بەزى بىرلەر نام ـ ئەمەل تاپاي دەيدۇ چاي بېرىپ،
چوڭالارنىڭ كۆڭلىگە ياقاي دەيدۇ چاي بېرىپ.

هالال تۆكۈپ تەرنى ئەقىل بىلەن يول تاپماي،
خۇشامەتكە مەبلەغنى، سالاي دەيدۇ چاي بېرىپ.

يەتكۈزەلمەي خەجىنى ئۆيدە تىت ـ تىت ئايالى،
تۇرسا يوقلۇق دارىغا ئاساي دەيدۇ چاي بېرىپ.

هالال ئىشلەپ تەر تۆكمەي، كاج يول ئىزدەپ ھەمىشە،
باشلىق كىيگەن چاپاننى قاقاي دەيدۇ چاي بېرىپ.

تۇغقان، تەڭتۇش، دوستلىرى ماس كەلمەمدۇ كۇتۇشكە،
كاتتىلاردىن بىر «ئىنئام» ئالاي دەيدۇ چاي بېرىپ.

«مېهماندوست» دەپ نام ئالدى، لېكىن جىن بار كۆڭلىدە،
بۇ پۇرسەتتە ياخشىنى چاقاي دەيدۇ چاي بېرىپ.

ئەجىر قىلماي هاياتتا، ئۇنۇم ئالماي هېچ ئىشتىن،
كۆكسىگە شان ـ شەرەپلەر تاقاي دەيدۇ چاي بېرىپ.

زىياپەتكە رايى يوق، دىيانەتلىك باشلىقنىڭ،
بىر ئاماللاپ زىھنىنى چاچاي دەيدۇ چاي بىرىپ.

قىسمەنلەرنىڭ بار شۇنداق غەيرىي مەقسەت ـ مۇددىئاسى،
ھەزەر ئەيلەڭ ئەي باشلىق نەپسىڭىزگە ھاي بىرىپ.

# مۇھىم

سۆلتىڭدىن ماختانما دوست، ۋىجدانىڭ مۇھىم،
بۇ كۇنلەردە ھەممىدىن بەك ئىنسابىڭ مۇھىم.

ئۇجمە كۆڭۈل شالاقلاردىن بولمىغىن زىنھار،
ئۆيدىكى پاك قەدىناسىڭ ـ ھەمراھىڭ مۇھىم.

ھەۋەس قىلما كەتمەك بولۇپ يىراق ـ يىراققا،
خۇددى ئاتەش ئىللىق ئۆيۈڭ ـ ماكانىڭ مۇھىم.

ئادەم بولماق ئاسان ئىشتۇر، ئادىمىيلىك تەس،
ھارام راھەت ـ پاراغەتتىن، ساپايىڭ مۇھىم.

كۇن ئۆتمىگەي بىكارلىقتا ئويۇن قوغلىشىپ،
بەس! ئويۇندىن پەن ئۆگەنمەك، تەكرارىڭ مۇھىم.

ئەۋزەل بىلمە تەرلىمەكنى خەقنىڭ تونىدا،
بولسىمۇ گەر نىمكەش كونا چاپانىڭ مۇھىم.

بىلەلمىدىم «ناخشا» دەيسەن غەيرىي ئاھاڭنى،
بىلسەڭ «ئەجەم»، «راك»، «چەبىيات»، «ئۆزھال» ىڭ مۇھىم.

مودا قوغلاپ ئۆزگەرتمىگىن قاش ـ كۆز، چىچىڭنى،
ئاناڭ تۇغقان، ئاۋۋالقى نۇر ـ چىرايىڭ مۇھىم.

بەختىم دىمە ئەيش - ئىشرەت، كەيپى - ساپانى،
ئەل تىلەيدۇ، دۇرۇس مەقسەت - ئىمانىڭ مۇھىم.

نان چىلىما شورپىسىغا كۆكتىكى غازنىڭ،
ھالال تەردىن ئۆزۈڭ تاپقان ھەميانىڭ مۇھىم.

ئۆز ئىرىشماي خەقتىن كۈتۈپ باي بولغان نەدە،
ھەر ئىشقا پەم، كۈچ - جاسارەت ئىمكانىڭ مۇھىم.



# يالغان گەپلەر

يالغانچىنىڭ ئېغىزىدا پاتمان گەپلەر،
قارغىش تەگكۈر تىللىرىدا چاپقان گەپلەر،
ئىناقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچقان گەپلەر،
پىتنە - پاسات ئېرىقىدا ئاققان گەپلەر،
راستچىللىقنىڭ يوللىرىدىن ئازغان گەپلەر،
سەمىمىيەت كۈشەندىسى يالغان گەپلەر.

قارا رەڭنى ئىزا تارتماي «ئاق» قىلادۇر،
گەپ تارقىتىپ جۈپتى بارنى تاق قىلادۇر.
يوق پاكىتنى شۇم تىلىدا «تەق» قىلادۇر،
مەۋجۇت ئىشنى بىردەمدىلا «يوق» قىلادۇر.
خەققە تۆھمەت ئوقلىرىنى ئاتقان گەپلەر،
سەسكەندۈردى ئەلنى سېسىق يالغان گەپلەر.

يالغان گەپكە خۇمار ئىكەن تېگى پەسلەر،
رەڭ - يالغانسىز بۇ جاھاندا كۈنى تەسلەر.
يالغان بىرلە خەج - تاپاۋەت تېپىپ خەجلەر،
ئەل - يۇرت تىنچ، ئەمىن بولسا كۆڭلى غەشلەر.
رەزگى تىلدىن زەھەر كەبى تامغان گەپلەر،
رەزىللەرگە دەسمايىدۇر يالغان گەپلەر.

ئېگىز دۆڭنى تەپ تارتماستىن «ئويمان» دەيدۇ،
بىر تال كۆچەت كۆرسە «چەكسىز ئورمان» دەيدۇ،

چىل بۆرىنى ماختاپ «ياۋاش پاقلان» دەيدۇ،
دۆتنى دانا، يامانلارنى «ئوبدان» دەيدۇ،
ياخشىلارغا ئورا ـ ھاڭنى قازغان گەپلەر،
شۇ ھۇنەردە جان باقادۇر يالغان گەپلەر.

ئۇندا ئىللەت، نۇقسان پەۋەس، ھېچ دۇرۇس يوق،
تۆھمەت سۆزلەپ كېچە ـ كۈندۈز جىم تۇرۇش يوق،
شەرمەندىلىك ـ سەتچىلىكتىن قايغۇرۇش يوق،
چۈنكى يالغان ـ ساختىلىقتا ئار ـ نومۇس يوق،
ھەر جۈملىسى بەتبۇي ھىدقا تولغان گەپلەر،
ھەسەتخورغا سادىق ھەمراھ يالغان گەپلەر.

پىتنىسىدىن زادى خىجىل بولمايدۇ ئۇ،
پۇرسەت تاپسا ناغرا بولۇپ توۋلايدۇ ئۇ،
مىكروب كەبى بۇلۇڭ ـ پۇچقاق قويمايدۇ ئۇ،
كەيپىياتنى ـ ساپ مۇھىتنى بۇلغايدۇ ئۇ،
بوگۇن ئىناق جەمئىيەتتە چانغان گەپلەر،
ھالىڭ خاراب، يوقال ئەمدى يالغان گەپلەر!



# نائەھلى

گەپ ئاچىدۇ ۋىجداندىن، ۋىجدانى يوق نائەھلى،
پاكلىق دەيدۇ پاك ئەمەس، ئىنسابى يوق نائەھلى.

«مەندەك دانا يوق» دەيدۇ، پەن ـ بىلىمدىن گەپ چىقسا،
ئۆز ئۆيىدە يا گېزىت ـ كىتابى يوق نائەھلى.

سۆز باشلايدۇ ھەرقاچان غۇرۇر، ئىمان، مەۋقەدىن،
شامال قايان، ئۇ شۇيان مەيدانى يوق نائەھلى.

رەستىلەردە ھەممىشە سۆزلەر غەيرەت ـ ماداردىن،
جاپا، ئەمگەك، ئىش كەلسە دەرمانى يوق نائەھلى.

ئۆزۈم بولسام، باي بولسام دەيدۇ شىلىپ پۇقرانى،
بىرمۇ ھالال مال ـ مۈلكى، ھەميانى يوق نائەھلى.

تۇزىنى يەپ دېھقانىنىڭ چوغ تارتىدۇ ئۆزىگە،
ئەل ـ يۇرت بىرلە نەكارى ـ پەرۋايى يوق نائەھلى.

ئۆز ئەپتىنى پەردازلاپ مىڭ قىلسىمۇ مەككارلىق،
زەررە پاكلىق تارىخى ـ جەريانى يوق نائەھلى.

كەسپى هامان چوقۇشتۇر، پىتنە ـ تۆهمەت توقۇشتۇر،
خەققە ئىللەت ئارتىشتا هېچ ئارى يوق نائەهلى.

دەۋرىم بۇگۈن زىللىشىپ چاندى مۇنداق نابابلار،
ئەمدى بىزنى ئالداشقا ئىمكانى يوق نائەهلى.



## ھەسەت

ياخشىلارنىڭ يولىغا ھاڭ ـ ئورىلار قازغان ھەسەت،
تۆھمىتى ـ غەيۋەتلىرىنى ناغرا قىپ چالغان ھەسەت.

شان قۇچۇپ ماڭسا بىراۋ، ھەر قەدەم ئىلگىرىلىسە،
كەينىدىن شۇملۇق پىلانلاپ، ئەگىشىپ ماڭغان ھەسەت.

تىكلىسە ئابرۇي ـ ئىناۋەت، بىرلىرى ئۆز ئەجرىدىن،
دەل بۇ دەم شۇملار تىلىدىن بوپ زەھەر تامغان ھەسەت.

كىم قىلىپ سودا ـ تىجارەت بولسا باي قايناپ ئىچى،
ئۆزگىلەر دەردكە يولۇقسا، ئارزۇسى قانغان ھەسەت.

تۇرغۇسى كەلمەيدۇ جىمجىت، بولسا يۇرت ئەمىنلىكى،
ئۆم ـ ئىناقلىق باغلىرىغا، زاغ بولۇپ قونغان ھەسەت.

ئىت كەبى كارۋانغا ھاۋشىپ ئۆتمىكى ئادەتمىكىن،
پەيلى شۇملار كۆڭلىدە جاي ـ چاڭگىنى تىزغان ھەسەت.

پىتنە ـ تۆھمەت، مەردنى مەنزىل يولىدىن توسقان قاچان،
ئەمدى توختات غەيۋەتىڭنى لەنەتكە قالغان ھەسەت.

# خالىي

ياشايمەن بىر ئۆمۈر يالغاندىن خالىي،
زاغلارنى بۇلبۇل دەپ ماختاشتىن خالىي.
ياخشىغا تۆھمەتلەر چاپلاشتىن خالىي،
ئۆزگىگە ئاداۋەت ساقلاشتىن خالىي.

دوستلارغا تەقدىمدۇر مۇڭلۇق كۈي - سازىم،
ئەل - يۇرتقا قىلىمەن ئېگىلىپ تەزىم.
چۈنكى مەن خەلقىمگە ئاددىي مۇلازىم،
رىشتىمنى نەپلەرگە باغلاشتىن خالىي.

ئۆزگىلەر شان قۇچسا مەنمۇ خۇش بولۇپ،
كەتمەننى چاپىمەن ياندا قوش بولۇپ.
كەتمەيمەن ھەسەتتىن ئىڭراپ - تولغىنىپ،
چۈنكى مەن ھۇۋقۇشتەك سايراشتىن خالىي.

بىراۋلار ماختىسا كۆلۈپ ئالچاڭشىپ،
كەتمەيمەن تەنبىھتىن چىچاڭشىپ - كاڭشىپ.
شامالنىڭ شەپىسى كەلمەستە لىڭشىپ،
شەيتاننىڭ دېپىغا ئويناشتىن خالىي.

ھەقلىقمەن سۆزلەشتە پاكلىق بابىدا،
ناپاكلىق چەيلىنەر دەۋرىم چاقىدا.

جاپادا ئالدىمەن، نەپتە ئارقىدا،
هارامدىن قورساقنى توقلاشتىن خالىي.

بولسىكەن هەركىمدە كەمتەرلىك سۈپەت،
بۇ يولدىن ئازمايمەن ـ ئازمايمەن پەقەت.
كەمتەرلىك شوئارىم، ئەبەدتىن ئەبەد،
مەنمەنلىك يولىدا چامداشتىن خالىي.

مەن دەيمەن يۇرتۇمدا بولسا ئىناقلىق،
ئىناق يۇرت چىھرىدە چاقنار خۇشاللىق.
خۇشال يۇرت ئىلكىدە ئادەم چىرايلىق،
شۇڭا مەن غەيۋەتلەر چايناشتىن خالىي.

خەقلەرگە بويۇنداپ ھېرىپ كەتمەيمەن،
ئۆزگىدىن ئەيىبنى قېزىپ كەتمەيمەن.
مەقسەتكە يېتەلمەي قېرىپ كەتمەيمەن،
مەن بولغاچ ئاغرىنىش ـ ۋايساشتىن خالىي.

بەك ئىزا تارتاتتىم «مەن» دەپ يېزىشتىن،
ئۆزۈمنى پەردازلاپ مىسرا تىزىشتىن.
بۇ قېتىم دەپ سالدىم بىرئاز قىزىشتىن،
كەچۈر دوست، ئۆزۈمنى داڭلاشتىن خالىي.

# شوم ئىغىز

پىتنە - پاسات، غەيۋەتكە كۆنۈپ كەتكەن شوم ئىغىز،
شوم خەۋەردىن كالچىيىپ كۆلۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

ئۆي - ئۆيلەردىن كۆڭۈلسىز يامان خەۋەر تىڭتىڭلاپ،
كېچە - كۈندۈز كوچىدا يۈرۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

شۇنچە ئىزدەپ بىرەر كۈن، چىقماي قالسا شوم خەۋەر،
خاپىلىقتىن قاپاقنى تۈرۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

زەرەر يەتسە تونۇشى ياكى قوشنا، تۇغقانغا،
«خۇش خەۋەر» دەپ پەيزىنى سۈرۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

كۆڭۈلسىز گەپ - پىتنىدىن تاپسا ئەگەر بىر جۈملە،
بىرسى مىڭ بوپ تىلىدىن ئۈنۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

ھەتتا دوستى ئاغرىقتىن يىتىپ قالسا بالنىستتا،
ئىچ - ئىچىدىن خەۋپ - خەتەر، كۈتۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

كىمكى قۇچسا شان - زەپەر، تاپسا ھۆرمەت ئەل ئارا،
رەڭگى تامدەك تاتىرىپ ئۆڭۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

ئۆز ئەپتىنى پەردازلاپ «ۋىجدانلىق مەن» دەپ يۈرۈپ،
يۈندىسىدا پەسلىكنىڭ ئۈزۈپ كەتكەن شوم ئىغىز.

تەنبىھ قىلىپ ئاقىللار «ئىغىزىڭنى يۇم» دېسە،
قىلمىشىغا تەن ئالماي، مۆڭۈپ كەتكەن شۇم ئىغىز.

تىكەن تېرىپ تىلىدا تاپقان ماجىرا ـ رەنجىنى،
تاتلىق پىشقان مېۋەم دەپ شۇمىيىپ كەتكەن شۇم ئىغىز.

ئىناق ـ ئىجىل جەمئىيەت قۇرايلى بىز دەۋاتساق،
ئىناقلىققا ئەجەب ئۆچ بولۇپ كەتكەن شۇم ئىغىز.

«ئىت قارغىسا پىت ئۆلمەس» توختىتات قارغىش ـ شۇملۇقنى،
ئەل قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈپ كەتكەن شۇم ئىغىز.



# ئۈمىدىم

جۇدەمىدىكىن بەزىلەر، خەقنى تىللاپ يۈرمىسە،
كۈندە توقۇپ بىر تۆھمەت، ئەرزنى يوللاپ يۈرمىسە.

ھاسىل بولماي قالارمۇ، شۇنداقلارنىڭ مۇرادى،
ئەتراپىدىن ـ ھەممىدىن رەنجىپ ـ قاقشاپ يۈرمىسە.

تاپالماسمۇ زادىلا بۇ جاھاندىن رىزقىنى،
كۆز ئالايتىپ پۇقراغا، «چوڭ»نى ماختاپ يۈرمىسە.

تاسكال چىقىپ قالارمۇ ياكى رەزگى تىلىغا،
تىنىم تاپماي كۈسۈرلاپ غەيۋەت چايناپ يۈرمىسە.

قالامدىكىن تارتىشىپ پۇت ـ قولىنىڭ پەيلىرى،
پىتنە ـ ھەسەت يولىدا دائىم چامداپ يۈرمىسە.

ياتقۇزمامدۇ شەيتىنى، سۇرئەت يەنە ئاستا دەپ،
ھەتتا بەزى غەيۋەتنى تېلېفونلاپ يۈرمىسە.

قارا بېسىپ تۈنلەردە، كەلمەمدىكىن ئۈيقۇسى،
بىر كىملەرگە ئاداۋەت، خەنجەر ساقلاپ يۈرمىسە.

قۇرايلى بىز دەۋاتساق ئەمدى ئىناق جەمئىيەت،
ئۈمىدىم: شور تومشۇقلار، يۈرتنى قىغلاپ يۈرمىسە!

# كۆرگۈم يوق

ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكەن يارەنلەرنى كۆرگۈم يوق،
تىلى تاتلىق، پەيلى شۇم، ئادەملەرنى كۆرگۈم يوق.

كۆرگۈم يوقلار قاتناشقان مول زىياپەت ـ كاتتا توي،
نەغمە ـ مەشرەپ ھەتتاكى ئايەملەرنى كۆرگۈم يوق.

خەلقىم بەرگەن ھوقۇقنى، ئۆز نەپسىگە ئىشلىتىپ،
ئەل ـ ئاۋامنى قاقشاتقان، نامەردلەرنى كۆرگۈم يوق.

ئاجىزلارغا ھۆرپىيىپ، چوڭلارغا پۈكۈلۈپ،
تاپقان ھوزۇر ـ پاراغەت، راھەتلەرنى كۆرگۈم يوق.

مەمەدانلىق، كاززاپلىق، شەكىلۋازلىق ـ رەڭۋازلىق،
شەيتانلىقتىن ئىبرىشكەن، ئامەتلەرنى كۆرگۈم يوق.

كىم كۆلمەيدۇ ئات تۇرۇپ، تۆلكە ئۆتسا بەيگىدە،
نەيرەڭلەردىن نەپ ئالغان، ناكەسلەرنى كۆرگۈم يوق.

ساختىپەزلەر ـ مەككارلار، يۇرتقا چۈشكەن مىتىدۇر،
بۇ ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق ئاپەتلەرنى كۆرگۈم يوق.

# سىڭلىم

ئەجەب نازۇك ساق ئىدىڭ يۈزى تولۇن پاك سىڭلىم،
بۈگۈن چەتنەپ كەتتىڭمۇ، يامان يولدىن قايت سىڭلىم.
ئىزدەپ ئەجداد روھىدىن، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تاپ سىڭلىم،
بىشەملىكتىن قاچ سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.

دۈمبەڭنىمۇ ياپمىغان چاپىنىڭدىن ھەيرانمەن،
تولا، مۈنداق چەزمەكنى تاپقىنىڭدىن ھەيرانمەن.
رەستىلەردە شۇ پېتى ماڭغىنىڭدىن ھەيرانمەن،
كىر ـ ئىللەتتىن قاچ سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.

ئۇسسۇل كۆردۈم بىر تويدا، شۇمۇ سەنئەت، ئۇسسۇلمۇ،
كىندىك، ساغرا تولغايسەن، بۇ چۇشۇمىمۇ ـ ئوڭۇمىمۇ.
دوراش خەقنى مايمۇندىن ساڭا قالغان ئۇدۇمىمۇ،
بولما يۈزى داپ سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.

داغ تېگىپتۇ ئاھ! ئىسسىت، تولۇن ئايدەك ھۆسنۈڭگە،
ئاشكارىلىق كىندىكتىن، كېڭىيىپتۇ كۆكسۈڭگە.
نەپرەت بىلەن قارايدۇ، شۇڭا ھەركىم ئەپتىڭگە،
غەيرىي مىجەز كاج سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.

ئۇستىباشلاردا تاڭ قويغان، بۇ جاھاننى ئەجدادىڭ،
بىلەلىسەڭ ئەي قىزچاق، شۇ ئۇستىباش زىنىنتىڭ.

ئۇنىڭ بىلەن جەلپكار سېنىڭ سېھرىڭ ـ قىممىتىڭ،
بولغىن سۇتتەك ئاق سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.

يارىشاتتى ئەجەبمۇ كۆڭلەك كىيسەڭ ئەتلەستىن،
داداڭ ـ ئاناڭ شادلىنار يېنىڭدىن ھېچ كەتمەستىن.
(خۇددى بەھرى ئالغاندەك چىن ـ ھەقىقىي سەنئەتتىن)
شۇ داداڭغا باق سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.

شەرم ـ ھايانى، ئەخلاقنى مەڭگۇ ھەمراھ يار تۇتساڭ،
پەن ـ بىلىمنى ئىگىلەپ، ھەر ئىشىڭدا شان قۇچساڭ.
پېشانەڭگە خاسلىقتىن، ئەنئەنىدىن گۈل قىسساڭ،
ئاندىن بىزگە باب سىڭلىم، كىندىكىڭنى ياپ سىڭلىم.



# ھەسەتخورلار ئەجەبكەن

شەرەپ قۇچساڭ بىرسىنىڭ زوۋانلىرى ئۆچەركەن،
ئىچىشامدۇ بىر يېرى بەك تولغىنىپ كېتەركەن.
نەچچە كېچە ئۇخلىماي چەكسىز ئازاب چېكەركەن،
شۇنداقلارنى ئۇچراتتىم، ھەسەتخورلار ئەجەبكەن.

يۇرۇيدىكەن كوچىدا، خەقنى تىللاپ گىدىيىپ،
بالا كەلسە بېشىڭغا، ھال سورار كەن ھىجىيىپ.
ئەگەر ئىشىڭ ئوڭ بولسا، كېتەر ئىچى سىيرىلىپ،
توۋا دەيمەن مىڭ توۋا، ھەسەتخورلار ئەجەبكەن.

كۆرمەس بۇلۇت ئىسمىنى، يۇندىسىنى ياكى ئىت،
يانچۇقىدىن نەپ چىقماس، يامانلايدۇ بۇرگە - پىت.
خەق چاقىرسا مېھماننى «تەخسىكەشكەن ئاجايىپ»
دەپ تارقىتار بىر پىتنە، ھەسەتخورلار ئەجەبكەن.

تىرىشقانلار پۇل تاپسا ئۇ تولغىنىپ ساناركەن،
ئاللىكىملەر يۈز تاپسا، دەردكە ئىچى تولاركەن.
بىر كىم بىلەن ئەپ ئۆتسە، شۇ كۈن ئاڭا ھارامكەن،
ھامان كۆڭلى بىئارام، ھەسەتخورلار ئەجەبكەن.

ھەربىر جۈملە سۆزىدىن، كۆرەلمەسلىك پۇرايدۇ،
ھۆرمەت تاپسا بىراۋلار، سەت ئالىيىپ قارايدۇ.

مۇنداقلارنىڭ هاياتى، ھەسەت بىلەن خورايدۇ،
نەزىرى تار، كۆز كىچىك، ھەسەتخورلار ئەجەبكەن.

ئۆز ئۆيىدە ـ ئىلكىدە قىلار ئىشى يوقمىكىن،
تاپسا قۇسۇر بىراۋدىن ئاندىن كۆڭلى خۇشمىكىن.
دەل مۇشۇنداق ئادەملەر باشقا بىر گىن ـ سورتمىكىن،
لەنەت ئۆتكەن ئۆمرىگە، ھەسەتخورلار ئەجەبكەن.

# كەيىنىمدىكى غەيۋەتلەر

پەرۋايىم يوق ئارتىلسا، ماڭا يالغان تۆھمەتلەر،
تۆھمەت بىلەن خۇش قىلۇر، ئۆز كۆڭلىنى ئەخمەقلەر،
سازىم چىقسۇن ئەۋجىگە، مەرغۇللىتاي زەخمەكلەر،
مەيلى قۇتراپ كەتسىمۇ كەيىنىمدىكى غەيۋەتلەر.

مەرد ئوغلانغا سەت قارار ھەسەتخورنىڭ كۆزلىرى،
ئېغىزىدىن بۇس چىقار، زەھەرخەندە سۆزلىرى.
قارا چاپلاپ ياخشىغا قىزارمايدۇ يۈزلىرى،
يازدىم ھەجۋىي مۆڭسىمۇ، كەيىنىمدىكى غەيۋەتلەر.

شوخ ناخشامنى ياڭرىتاي، بولۇپ دەۋرىم بۇلبۇلى،
بۇ ھەسەتنى تېخىمۇ ئازابلاشنىڭ بىر يولى.
كەملەپ كەتمەس پېقىرنىڭ ئەلگە تۆھپە ـ ھوسۇلى،
ئېغىزىدىن قىغ تۆكسىمۇ، كەيىنىمدىكى غەيۋەتلەر.

ئاتتىم نەپرەت ئوقىنى، تەگسۇن بېرىپ ھەسەتكە،
ئىجادىمدىن گۈل تىزىپ، تۇتتۇم ئەلگە ـ ۋەتەنگە.
شۇنچە قەتئىي ئىشەنچىم، ئۈمىدىم بار ئەتەمگە،
دائىم غاجاپ يۈرسىمۇ، كەيىنىمدىكى غەيۋەتلەر.

تۆھمەتلەردىن تىككەن تون ماس كەلمەيدۇ بويۇمغا،
پۈكتۈرەلمەس قەددىمنى، زەي تەپمەيدۇ ئۇلۇمغا.

يەتكۈزەلمەس ھېچ تەسىر، ھەتتا بىر تال مويۇمغا،
قانچە سېسىق بولسىمۇ كەينىمدىكى غەيۋەتلەر.

مېۋىسى خىل دەرەخكە بەرھەق ئاتقان چالما كۆپ،
داڭگال تەگكەن شاخلاردا تونۋا يەنە ئالما كۆپ،
ھەق سۆزلۈكنىڭ يولىدا يوشۇرۇن قەست ـ قازما كۆپ،
دادىل ماڭدىم توسسىمۇ كەينىمدىكى غەيۋەتلەر.

راستتۇر كۆيلەپ پاكلىقنى قولغا قەلەم ئالغىنىم،
رەزىللىككە ـ پەسلىككە، ئوت ئاچقىنىم ـ يازغىنىم.
يامان ئىللەت، خاھىشقا مەڭگۈ تېگەر بازغىنىم،
ماڭا قاپاق تۈرسىمۇ، كەينىمدىكى غەيۋەتلەر.

قۇرايلى بىز دەۋاتساق، بۈگۈن ئىناق جەمئىيەت،
تۈگەتمەيدۇ بەزىلەر ئورۇنسىز غۇم ـ زىددىيەت.
توختىمايدۇ ساتىرام، يوقالمىسا بۇ ئىللەت،
چىدىماي قان قۇسسىمۇ، كەينىمدىكى غەيۋەتلەر.



# ئىت ۋە چىنار

چىنارنىڭ تۈۋىدە ياتار لالما ئىت،
سايىسى، سالقىنى ئۇنىڭغا ياراپ،
ئېلىپ شۇ ھوزۇرنى تىنمايدۇ يەنە،
بىر ئۆمۈر چىنارغا - ئېگىزگە قاۋاپ.

يامىشىپ چىقالماي چىنارغا ھەر دەم،
ئازابتىن ئىڭرايدۇ، ئۇخلىماي ھاۋشىپ.
ھالىدىن كېتىپمۇ بويلاش نېمە ئۇ،
قالىدۇ بەربىر تىلىنى تامشىپ.

شاخلايدۇ كۈنسېرى چىنار ياپيېشىل،
قېرى ئىت قاۋىسا پەرۋايى پەلەك.
قاۋاشكەن ئۆلگىچە ئىتنىڭ قىسمىتى،
يوق ئاڭا ھېچ چارە بۇنىڭدىن بۆلەك.

بوي - بەستى ئېگىزلەپ تاقىشار كۆككە،
قېرى ئىت كۈنى - تۈن قاۋىغانسېرى.
خىرقىراپ ئۈنلىرى پۈتۈپمۇ يەنە،
بۇ چىنار ئەل - يۇرتقا يارىغانسېرى.

ئىتنىڭ شۇ بولۇقىدا ياتقىنى - ياتقان،
چىنارغا بويۇنداپ ھۆۋلاپ تۈگۈلۈپ.
ئوغۇتقا ئايلىنار ئاخىرى بىر كۈن،
چىنارنىڭ ئاستىدا قاۋاپ - كۆمۈلۈپ.

# مەن شۇنداق شائىر

«قانداق شائىر؟» دەپسىز مېنى، خېلى ئوبدانمەن،
پەرق ئېتىپ ئاق - قارىنى بەكمۇ ئىلغايمەن.
يۇرتقا بەرىكەت، ئەلگە خۇشلۇق، ئامەت، نۇر تىلەپ،
ئاپتاپ توسقان تام ئۈلىنى چوڭقۇر كولايمەن.

جان تەسەددۇق قىلسا ھەركىم ۋەتەن، ئەل ئۈچۈن،
داستان قىلىپ شەۋكىتىنى يېزىپ كۈيلەيمەن.
ئەل يۈكىنى ھارۋىسىغا بېسىپ ماڭغاننىڭ،
ئېتى بولۇپ قۇم - پاتقاقتا كۆچەپ سۆرەيمەن.

ھەققانىيەت مەيدانىدا ئۆلسەممۇ مەيلى،
خۇشامەتنىڭ كۆۋرۈكىدە پەقەت ماڭمايمەن.
«تەڭ سېلىنغان داستىخان»نى ئىگىلىسە كىم،
ئاچ كۆزلۈكنى قىلىپ ھەجۋىي قاتتىق ساۋايمەن.

«تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر» مەككارنى كۆرسەم،
نەزمەمنى تىغ - نەيزە قىلىپ ئامان قويمايمەن.
ئەمما سېخىي، كۆڭلى دەريا مەردانە بولسا،
مەن تەۋرەنمەس جېنىم بىلەن مەڭگۈ قوغدايمەن.

# پىخسىق

بىر گىرى - پىخسىق خۇيىدىن مەن بىرەي شېئىرىي خەۋەر،
كۆلكىسى قىستار كىشىنىڭ، تۇتمىسا ئۆزىنى ئەگەر.
قەھرىمۇ ئۆرلەيدۇ ھەتتا ناگاھان يوللاردا ئۇ،
ئۇچرىسا جۇل - جۇل كىيىملىك، ئەسلىدە باي قەلەندەر.

ئاشلىقى قازناقتا تەلدۇر، مايلىرى تۇڭ - تۇڭ بىلەن،
تۇرسىمۇ ئاياپ يېمەستىن گاھى توق، گاھ ئاچ يۈرەر.
يۇمشىتار مەنتەڭدە زاغرا گەنزىگە پات - پات كىرىپ،
ئۆزى يېمەي بۇغداينى ساقلاپ قازنىقىدا مىتە يەر.

سەمرىگەن تۆت - بەش كالا - ئۇي، قويلىرى قوتاندا لىق،
ئۆلسە ئۇ ھارام ئۆلۈركى يىل بويى گۆشسىز ئۆتەر.
تەكچىدە تورۇسقا يەتكەن يوتقىنى دۇخاۋىدىن،
ئاستىدا يىرتىق پالاستۇر، بىر جەندىگە يۆگىنەر،

باشقىلار چاقىرسا تۆردە، ئۆز ئۆيى مېھمانغا سۇس،
تاپسا ئۇ بىكار غەنىيمەت، داستىخاننى سۇپۇرەر.
بىر ئۇلۇغ پەرمان جاراڭلاپ «توق، پاراۋان، شاد ياشاڭ -
باي بولۇڭ» دەپ تۇرسا تەكرار كونا پايپاقنى سۆرەر.

قۇلۇپلاپ پەرزەنت گېلىنى، چىڭ تۇتۇپ ئوقەت يىغىپ،
كۆمدى ئۇ پىنھانغا پۇلنى ئەدىپىن چاشقان بىرەر.
ئىقتىساد قىلماقمۇ لازىم، يولى بار ئەمما ئۇنىڭ،
ياخشى يەپ تېنىنى ئاسراپ ئۆتمىسە بىر كۈن ئۆلەر.

# قەبرە

قەبرىستانلىقتىن ئۆتسەم ھەر قېتىم،
يوغان گۈمبەزگە قاراپ ماڭىمەن.
كىمنىڭ خاتىرە مۇنارىسى بۇ،
بوۋامدىن پات ـ پات سوراپ قالىمەن.

بوۋام تۇگۇل مەھەللە ـ جامائەت،
ھېچكىم بىلمىدى تەكتىدە كىم بار.
تېخى نەسىھەت قىلىدۇ مومام،
يېقىن تۇرماڭلار ئۇنىڭدا جىن بار.

قەبرىسى مەزمۇت تۇرۇپتۇ بىراق،
يادلىماس ھېچكىم ئىزسىز ئۆتكەننى.
تامچىغا ئاپىرىن ئېيتىپ جامائەت،
ئەسلىشەلمىدى كىمنى كۆمگەننى.

ئەجىرسىزنى ئەل ئۇنتۇيدۇ شۇنداق،
قەبرە ـ مۇنارى كۆككە يەتسىمۇ.
تۆھپىسى بارنىڭ ئۆچمەيدۇ نامى،
تۇپراققا كۆمۈپ تۇزلىۋەتسىمۇ.

# ئادەم

ئادەم ـ ئاجايىپ مۆجمەل نەرسە ئۇ،
يۈرەكنى يېرىپ كۆرگىلى بولماس.
رەڭگىگە ئون يىل قاراپ تۇرساڭمۇ،
كۆڭلىدىكىنى بىلگىلى بولماس.

بەزەن كىشىگە قىلساڭ ياخشىلىق،
كېلىدۇ ئۇندىن يامانلىق ساڭا.
دوزاخ ئوتىدىن تارتىۋالساڭمۇ،
ھەتتا تىلىمەس ئامانلىق ساڭا.

دەپتىكەن چوڭلار: «ھايۋاننى باقساڭ،
ئېغىز ـ بۇرنۇڭنى ماي قىلىدۇ» دەپ.
«ئادەمنى باقساڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە،
باش ـ كۆزلىرىڭنى قان قىلىدۇ» دەپ.

شۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن،
ئەجدادلار روھى ـ قەدرىگە يەتتىم.
ۋاپاغا جاپا قىلغان ئىنساننىڭ،
يېنىدىن يىراق ـ يىراققا كەتتىم.

# ئىغۋا ئامبىرى

كوچىلاردا يالغۇز يۈرسەڭ «تەنھاكەن» دەيدۇ،
لايىق ئىزدەپ تاپالمىغان سەپراكەن دەيدۇ.
قىز - يىگىتلەر بىرگە ماڭسا سەت كۆزدە قاراپ،
«ئەدەپ - ئەخلاق، ھاياسى يوق بالىكەن» دەيدۇ.

دوست - ئاغىنە تۇتماي ئۆتسەڭ «ساراڭكەن» دەيدۇ،
«يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بوشاڭكەن» دەيدۇ.
ئەل - ئاغىنە، بۇرادەرلىك بولساڭ ئەگەردە،
«ئاغىنەڭنىڭ جۈپتى سېنىڭ ئاشناڭكەن» دەيدۇ.

ئاز گەپ قىلساڭ «بىر مۆرىمەس - كەم سۆزكەن» دەيدۇ،
جىق گەپ قىلساڭ - شوخراق يۈرسەڭ «داپ يۈزكەن» دەيدۇ.
بەتخەجلىكتىن خالىي يۈرسەڭ لەقىمىڭ «پىخسىق»،
جىق يەپ - ئىچىپ پۇل خەجلىسەڭ «ئاچ كۆزكەن» دەيدۇ.

كىيىمىڭگە توپا قونسا «مەينەت تاز» دەيدۇ،
يۇيۇپ پاكىز كىيسەڭ ئۇنى «سۆلەتۋاز» دەيدۇ.
بەزى بىرلەر باركى شۇنداق ئىغۋا ئامبىرى،
ئاقنى «قارا»، دۆڭنى «ئويمان»، قىشنى «ياز» دەيدۇ.

# گەپ توشۇمچى

بىر كىشى بار مەھەللىدە «ھارۋىكەشتۇر» لەقىمى،
گەپ ـ سۆز توشۇپ لاقىلداپ تالمىدى پۇت ـ تىقىمى.

گەپ قولتۇقلاپ يۈگرەيدۇ مەنزىلسىز شۇم قۇيۇندەك،
خالىي جايغا ئىغىلدىن مىكروب توشۇغان چىۋىندەك.

گەپ سودىسى سالادا گويا كاززاپ بىدىكتەك،
يۈگرەر نەدە نەپ بولسا سۆڭەك تاپقان گىدىكتەك.

گەپ مارايدۇ ھەممىشە خەقنىڭ ئىشىك ـ رامىدىن،
قىلىشمايدۇ خۇي ـ پەيلى يۇندىخور ئىت لالمىدىن.

مۆلچەرلەيدۇ ئاجايىپ گەپ توشۇشنىڭ پەيتىنى،
چۈۋۈپ بىرەر ئاۋۇتقا، مولداۋۇتنىڭ ئەپتىنى.

يالغان دوستلۇق بىلدۈرۈپ كۆلدۈرىدۇ ئەمەتنى،
«غەيۋەت قىلدى مامۇت» دەپ كۆپتۈرىدۇ مەمەتنى.

خالىس يۈرگەن سەمەتنى، يامانلىتىپ راخماندىن،
نۇرىگۈلنى سادىققا، چىقىشتۇرار يالغاندىن.

پىتنىسىز ۋە غەيۋەتسىز ئۆتمەس كۈنى - تۈنى ھەم،
كېلەلمەيدۇ كوت - كوتتا ھازازۇلدىن يۈزى تەڭ.

خالىي ئەمەس دوستلارمۇ شۇڭا رەنجىش - جېدەلدىن،
ساقىياركىن قاچان ئۇ، مۇنداق نىجىس كېسەلدىن.

بېرەي تەكلىپ ئەي ئىنسان: گەپ توشۇشنى تۈگەتكىن،
بۇ رەزىللىك ئورنىغا ھۈنەر - كەسىپ ئۆگەنگىن.



# باشلىقنىڭ دوستى

بۇ ئالەم بەزىگە جەننەتتى رىزۋان،
بەزىگە رەھىمسىز «ئاپەت» ئالەمدۇر.
باي بولسۇن ۋە نامرات پۇقرا يا باشلىق،
ھەممىسى ئەسلىدە ئوخشاش ئادەمدۇر.

بۇ ھەقنى بىر دوستۇم بىلمەمدىكىن تاڭ،
ھەمىشە دوست بولۇر نامۇ ئەمەلگە.
كىم بولسا ھوقۇقدار، سايلانسا باش بوپ،
ئەتىسى دوستلۇقتىن بېرىدۇ بەلگە.

ھوقۇقتىن يۆتكىلىش، چۇشۇش شەپىسى،
سېزىلگەن كېچىدە يۆتكىلىپ پەدە.
كونىدىن دوستلۇقنى ئۈزىدۇ دەرھال،
يېڭىغا يېقىنلاپ بىلدۇرۇپ ۋەدە.

ئۇنىڭغا نەپ بەرگەچ بۇ «ئامەت» يولى،
ئەجەبمۇ بۇلغىدى ۋىجدان نەپسىنى.
ياخشىلار بۇرۇنلا نەپرەتكە كۆمگەن،
شۇ دوستىنىڭ تۇتقان بۇ رەزىل كەسپىنى.

ئۆزگە دوست ئەمەس، ئەمىلگە دوست،
ئىكەننى چۇشكەندە بىلدى ـ كونىسى.
يېقىندا تونۇشقان مۇشۇ «سادىق»نى،
بىلىسدى باشلىقنىڭ ئەمدى يېڭىسى.

# بىر شائىرغا

شائىرلىقنى بەك قىلىپ تۇرىسىز،
ھەجۋىي شېئىر ـ قوشاق يېزىپ تۇرىسىز.
ساتىرا دەيسىز ياكى بىر تەنقىد،
ئۆزگىدىن ئەيىب قېزىپ تۇرىسىز.

بىرسىنى «مەينەت» دەيسىز يازىسىز،
زەررىچە ئىشنى چوڭ قىپ يايىسىز.
بىراق ئۆزىڭىز ئاق سىيامىبۇنى،
قارا كۇنجۇرە قىلىپ ياپىسىز.

ئۇرۇشقاق دەيسىز باشقا بىراۋنى،
بىراق ئېرىمەس يۈزدىن چاقىڭىز.
قان داغلىرىدىن خالىي ئەمەسكەن،
گاھىدا كۆڭلەك ھەتتا ياقىڭىز.

تاماكا كېسەل مەنبەسى دەيسىز،
ھەر بىر سائەتتە بىر قاپ چېكىسىز.
سۆكۈپ ھاراقنى قاۋاقتىن كەتمەي،
ئاچچىق دېمەستىن ئىچىپ كېتىسىز.

شائىرلىقنى بەك قىلىپ تۇرىسىز،
ھەجۋىي شېئىر ـ قوشاق يېزىپ تۇرىسىز.
ئەپتىڭىزنى تۈزلىسىڭىز ئاندىن،
گېپى ئۆتكۈدەك شائىر بولىسىز.

# بىلگىن

هەقىقىي دوستنى بىلمەكچى بولساڭ،
سېنى پېشكەللىك باسقاندا بىلگىن.
بېشىڭغا چوُشوُپ بىر يامان كوُلپەت،
كېسەلدە، غەمدە ياتقاندا بىلگىن.

هەقىقىي دوستنى بىلمەكچى بولساڭ،
موُشكوُل سەپەردە ـ داۋاندا بىلگىن.
جاڭگالدا، تاغدا، توموُزدا، توُندە،
جوُدوُن ـ چاپقوُن، چۆل ـ بوراندا بىلگىن.

هەقىقىي دوستنى بىلمەكچى بولساڭ،
ئامەت ـ بەرىكىتىڭ قاچقاندا بىلگىن.
غورىگىل توُرموُش دەستى ئۆيوُڭدە،
ئوُچ ۋاخ ئوُماچنى چالغاندا بىلگىن.

هەقىقىي دوستنى بىلمەكچى بولساڭ،
چېچىڭغا قىرو قونغاندا بىلگىن.
رومكىنى تاشلاپ سوروُندىن قېلىپ،
كەيپتىن خالىي بولغاندا بىلگىن.

هەقىقىي دوستنى بىلمەكچى بولساڭ،
ئەمگەكتىن، كوُچتىن قالغاندا بىلگىن.
مەنسەپتىن چوُشوُپ بولغاندا پوُقرا،
دوستوُڭ زادى كىم پەگاھتا بىلگىن.

# باي دوستۇم

سودا ـ سېتىق قاتارىغا كىرىپ كەتتى دەپ،
ئاڭلىدىم مەن بىر دوستۇمنى بېيىپ كەتتى دەپ.
ئاتايىن بىر زىيارەتكە باردىم ئۆيىگە،
مالۇ دۇنيا، پۇل ـ پىچەككە تىنىپ كەتتى دەپ.

دەرۋەقە ئۇ ھاللىنىپتۇ، باي بوپتۇ قالتىس،
كۆرۈشتۇم مەن، قۇچاقلاشتىم ياغدۇرۇپ ئالقىش.
يېڭى ئۆيمۇ سېلىۋاپتۇ يولنىڭ بويىغا،
بېتون بىلەن پۈتتۈرۈپتۇ يوق ئىكەن خام خىش.

شېئىر يازدىم باي دوستۇمنىڭ ئاتاپ شەنىگە،
ئاپىرىن دېدىم، چېۋەرلىكى ھەم پەمىگە.
باي بوپتۇ ـ يۇ، مەينەت بايدىن بوپ قاپتۇ بىراق،
بۇ نۇقسانىنى سالغۇم كەلدى دوستۇم سەمىگە.

پېشايۋانلىق ھويلىسىدا يۇلغۇن ـ خەشەكلەر،
قالايمىقان تاشلىنىپتۇ تۆمۈر ـ تەسەكلەر.
قوي ـ كالىدىن بورداپتۇ جىق، قوتان تۇرۇپمۇ ـ
سەيناسىدا چېچىلغان ئوت، سامان ـ سۇخەتلەر.

يېڭى تامغا قېقىپتۇ مىخ، ياغاچتىن قوزۇق،
ئاڭا مەھكەم ئېسىپتۇ ھەم بىر خۇرجۇن ئوزۇق.

تاۋار كۆرپە، مامۇق ياستۇق، دۇخاۋا يوتقان،
تىزىلماپتۇ رەتلىككىنە، تۇرۇپتۇ چۇۋۇق.

قورۇسى بەك قاملىشىپتۇ، ھەممىسى تەلكەن،
جايلاشتۇرسا ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ئورنى باركەن.
قويۇلماپتۇ لېكىن ئوقەت جايى - جايىغا،
قازىنقى بوش، سامانلىق چوڭ، ئامبىرى كەڭكەن.

ئۇنۇمى يوق يۇگۇرگەكتىن لايغەزەل ياخشى،
پىخسىق بايدىن مەدەنىيراق كەمبەغەل ياخشى.
پۇلغا قوشۇپ ئاڭلىق كەلسە ھەقىقىي باي ئۇ،
ئەگەر ئۇنداق بولمىسا باي بىر مەھەل ياخشى.



# دوست - يارەن

بىر قارار مەنسەپ تۇتۇپتىم، قالتىس كۆپەيدى دوست - يارەن،
ياغدۇرۇپ ئالقىش مۇبارەك، كۆككە كۆتۈردى دوست - يارەن.

تەنتەنە قىلدى ئاجايىپ، باشلاندى كاتتا چاي بېرىش،
بەك يېقىن ئاۋۋالقى دوستنى، رەتتىن ئۆچۈردى دوست - يارەن.

ماختىشىپ ھەر بىرسى مىڭلاپ، تامغۇزدى تىللار شەربىتى،
ئىلگىرى باش بولسا كىملەر، تىللاپ تۈكۈردى دوست - يارەن.

«سەن ئۆزۈڭ ئامبال سۈپەتتە، تۇرغان ماكانىڭ كونا» دەپ،
قولمۇقول ياردەمدە دەرھال ئۆيىنى كۆچۈردى دوست - يارەن.

ئامىتىم قاچتى تۇساتتىن، يوقلاشقا كەلمەس ھېچكىمشى،
(كۆپلىرى ئەمدى زۇكامداپ، قاتتىق يۆتەلدى دوست - يارەن).

دوستلىرىڭ قانچە دېگەنگە بەرمە ساناقنى ئالدىراپ،
ئىككى كۈن ئۆتمەي تۇرۇپلا، جىقلا كېمەيدى دوست - يارەن.

# دەيمەن

گۈزەل سەھرا سېنىڭدە شاد ياشاي دەيمەن،
پېشانەمدىن ئۈنچە ـ مارجان چاچاي دەيمەن،
بوپ پەرۋانە كەبى جىسمىم ئاتاي دەيمەن،
ئىجادىمدىن تۈزۈپ نەغمە چالاي دەيمەن،
جاپاكەش پاك دېھقان كۆڭلىن ئالاي دەيمەن.

يېزام بولدى بۈگۈن گۈلباغ ئەجەب كاتتا،
دېھقان بايدۇر دۆۋە ـ دۆۋە ئېلىپ پاختا،
بۇرۇن رەنجىپ كېتىپ قاپسىز كېلىك قايتا،
پولۇ ـ گۆش ناشتىسى، كەچتە پېتىر مانتا،
مۆجىزاتتىن، كارامەتتىن يازاي دەيمەن.

سالالاشقان ئېتىز ـ قىرلار بېغى رەت ـ رەت،
ئۈزۈم، ئالما، قوغۇن ـ شاپتۇللىرى شەربەت،
سۈيى زەمزەم، ئۆرۈك خورمىلىرى لەززەت،
بولالامدۇ يېزامنىڭ تەڭدىشى جەننەت،
كەبى جەننەت دىدارىغا قاناي دەيمەن.

ئىسلاھاتتىن ئېچىلدى يول راسا كەڭرى،
ئاقار سەلدەك جىمى ئەلنىڭ ئاغا مېھرى،
شۇ يولغا نۇر چاچار پارلاق يېڭى دەۋرى،
بۇ دەۋرىدىن قېنىپ ئالدى دېھقان بەھرى،
يېزام ئوغلى بولۇپ، كەتمەي قالاي دەيمەن.

# تاپتىم ئاخىرى

ئات كەبى ئوقۇرۇم تاپتىم ئاخىرى،
خاس ھۇجرا دۇكىنىم تاپتىم ئاخىرى.
يىڭنىدە زەر قېزىپ، خەلقىمگە مەنپەئەت ـ
يەتكۈزەر ھۈنىرىم تاپتىم ئاخىرى.

مۇنبەرى پەشتاقتىن سىيرىلدىم پەسكە،
پەگاھتا دوستلىرىم تاپتىم ئاخىرى.
مەن بولسام گۈل ئارا ھەسەل ھەرىسى ـ
دېگەن شۇ ئارمىنىم تاپتىم ئاخىرى.

«پۇۋ» دېسە توزغاقتەك توزۇپ كەتمىدىم،
يوقاتماي غورۇرۇم تاپتىم ئاخىرى.
يالقۇرۇپ ئىناۋەت تاپقاندىن كۆرە،
ئەل ئىچى ھۇزۇرۇم تاپتىم ئاخىرى.

# باشقۇرۇش ھەققى

بىر ئۆمەك كەلدى، بىزنىڭ ماكانغا،
يىراق كۆرمەستىن ئويۇن قويغىلى.
تەييار بولۇشتى قىسمەن ئادەملەر،
پىيازدەك راسا ئاقلاپ سويغىلى.

ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ بولغىچە،
«خىزمەتچى خادىم» يېغىپلا كەتتى.
ئۆمەك باشلىقى داد دېدى قاقشاپ،
ھەسرىتى، دەردى، شائىرغا يەتتى.

– نومۇر مەزمۇنى ساغلاممۇ قانداق؟ –
ئۇياقتىن بىرسى قىستىدى سوراپ.
– سەنئەت باشقۇرۇش خادىمى مەن، – دەپ
بۇياقتىن بىرسى كەلدى ئالدىراپ.

– مەيدانغۇ تەييار ئويۇن قويسىڭىز،
لېكىن پىرسەنتنى ئوتتۇز بېرىسىز، –
دەپ سۇرەن سالدى مەيدان ئىگىسى،
ئايرىلى بۇنى، ئاندىن قويىسىز.

مال باھا ئىدارىسىدىن كەلگەن بىرسى،
سورىدى بېلەتنىڭ نەرقى - باھانى.

ھەيۋە كۆرسەتتى، دېدى سىر قىلىپ:
ــ تۆلەپ قالماڭلار، جەرىمانىنى.

ــ سودا ـ سانائەت باشقۇرۇش ھەققى
تاپشۇرۇڭ، ــ دەيتتى، موتو مىنگىنى.
ــ تېلېۋىزىيەدە ئېلان قىلىمىز،
پۇل تۆلەڭ، ــ دەيتتى ھازىر ئۇنگىنى.

ــ دىققەت قىلىڭلار، كەچكى ئويۇندا،
بۇ يۇرتتا ئادەم تولىمۇ كەپسىز،
ساقچىخانىدا مەن، ــ دېدى بىرسى ــ
باشقۇرۇپ بولماس ئەلۋەتتە ھەقسىز.

ــ داۋام قىلامدۇ ئويۇن ئۈچ سائەت؟
مەلۇم قىلىڭلار بىزگە تولۇقراق.
ئۆلچەم بىرلىكى ئىدارىسىدىن،
كەلدىم سىلەرنى ئىزدەپ بۇرۇنراق.

ــ باج رەسمىيىتى بارمۇ ـ يوق زادى؟ ــ
سورىدى بىرى كېلىپ ئالدىراش.
توك پونكىتتىن كەپ نوقىدى بىرسى:
ــ توك لازىممۇ يە سەنئەتچى ئاداش؟

ــ فاڭيىزەن مېنى ئەۋەتتى مۇندا،
سىرتتىن كەلدىڭلار، بارمۇ ـ يوق مىكروب؟
تەكشۈرمەكچىمىز تەرەتنى بىز ، ــ دەپ
بىرسى ئۇياقتىن كەلدى لاپ ئۇرۇپ.

– كىنوچىمەن، – دەپ بىرسى پالاقلاپ،
سۆزلەپ كەتتى ئۇ مۇشتلاش فىلىمدىن.
– يېڭى كەلگەنتى كارامەت كىنو،
– قۇرۇق قالمايلى بىزمۇ كىرىمدىن.

– سىلەر كەلمىگەن بولساڭلار بۈگۈن،
كىنودىن ئەجەب خامان ئالاتتۇق.
بولدى، قويمايلى سىلەر بىر مېھمان،
كىرىم تەڭ بولسۇن كىنو توختاتتۇق.

جىنىنىڭ مەقسىتى شاپتۇلدىمىكىن،
ئۆمەك باشلىقى قىلدى گۇماننى.
ھەقسىز بېلەتنى بەردى بىر چەتتىن،
كەتتى جىمىسى، ئۆچتى زۇۋانى.



# كۆڭۈلچەك

نېنىمنى ئۆزگىگە تەڭلەپ، ئۆزۈم ئاچقان كۆڭۈلچەكمەن،
مېنىڭدىن ئەسلىدە ئامەت يىراق قاچقان كۆڭۈلچەكمەن.

ئۆزۈمدە بولسىمۇ تۇلپار، پىيادە چاڭقىدىم چۆلدە،
جېنىمنى قاقشىتىپ بىر تاش ئەجەب پاتقان كۆڭۈلچەكمەن.

خۇيى ئالدامچى نامەردلەر «ئۇرە!» دەپ قويسا بىلمەستىن،
شاپائەتچىمگە تاش - چالما چېنەپ ئاتقان كۆڭۈلچەكمەن.

تاما قىپ ئۆزگىدىن ئامەت، ئەجەب قالدىم نادامەتتە،
بولارىم ئۇشبۇ ھالەتتە بېشىم قاتقان كۆڭۈلچەكمەن.

پىيازدەك مېنى ئاقلاپتۇ يامانلار ھىيلىسى بىلسەم،
ئىزىنى تولدۇرۇپ بولماس زىيان تارتقان كۆڭۈلچەكمەن.

ئۇياتماي سورىسا نېمەت، دېيەلمەي مەن سېخىي «ياق»نى،
«ھەئە»نىڭ دەستىدە نىمجان بولۇپ ياتقان كۆڭۈلچەكمەن.

ئىسىت! بوينۇمغا تۇيماستىن ئۆزۈم سىرتماقنى چىڭ سالدىم،
مانا ئۆلمەكنى ھەق دەپ كۈن ساناۋاتقان كۆڭۈلچەكمەن.

دىلىم ئاق پاختىدەك ئەردىم، قىلىندىم ۋادەرىخ ئەخمەق،
مۆجىزات، خۇددى چاشقاندىن مۇشۇك قورققان كۆڭۈلچەكمەن.

ئۆزۈمنىڭ ھالىنى ئىپتسام بۇنى تىڭشارغا كىم باركىن،
پۇشايمان دەردىدە يىغلاپ ياشاۋاتقان كۆڭۈلچەكمەن.



# زورلىما!

خۇش بولايمەن ئەي بۇرادەر بەس! ھاراقفا زورلىما،
كۆڭلۈمنى قانماي يېنىشلاپ كەچ قاۋاقفا زورلىما.

تۇنلىرى سۆزلەپ ـ ۋالاقلاپ ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇپ،
ئىش كۈنى ئىشقا بولالماس كاللام قاپاقفا زورلىما.

توغرىنى، يالغاننى، راستنى پەرق ئېتىپ بولماس ئىكەن،
شۇ ھاراق كەيپى كۆزۈم باسقان چاپاقفا زورلىما.

يوق بولۇپ كەتمەكتە مەيدىن دوست ـ يارەنلەر ئەس ـ ھوشى،
مەن بولاي ئەھلى ئىلىمنىڭ پەس ئاتاقفا زورلىما.

سۈنغىنىڭ كۆڭلۈك ئەمەس، باغرىمنى ئۆرتەپ تىلغۇچى،
جاننى قاقشاتقان بىلىنمەس بۇ پىچاقفا زورلىما.

لىپمۇ لىپ تولغان قەدەھ تىترەيدۇ قىزنىڭ كۆكسىدەك،
پەيت تېپىپ ئىشرەت قۇرۇپ كەيپى تۇزاقفا زورلىما.

مەي ئىچىپ مۇڭداش بولۇپ ئەپرەك ئۆتەيلى دەيمىزۇ،
باشلىنار غەيۋەت شۇ دەم پىتنە ـ پاساتقا زورلىما.

دوستلىشىپ ئىچكەندە ھەتتا بىز يېقىن تۇغقان دېدۇق،
دەپ تۇرۇپ مۇشتلار ئېتىشقان سەت چاتاقفا زورلىما.

كۆپ ئىچىپ تارىخ زاماندا بارمۇ شۆھرەت تاپقىنى،
قىممىتىم نامىمنى تەڭ قىپ بىر يارماققا زورلىما.

ئاغرىسام يوقلارسەن بەلكى، بالنىستتا ياتسام بىر قېتىم،
تەنلىرىم بولغاي سالامەت شۇ نەسكە ـ راكقا زورلىما.



# غىڭشىماڭ

ئىسلاھات بەك رەھىمسىزدۇر، باشقا كەلدى غىڭشىماڭ،
ئىشلىمەستىن نەپ ئالۇر پەيت كەتتى ئەمدى، غىڭشىماڭ.

داشقازانغا كەتتى چوڭ دەز، ئەمدى پىشماس ئاش - ئوزۇق،
يەتتى ھەققە ئىشلىگەنىنىڭ زارى - دەردى غىڭشىماڭ.

ھاپ بىلەن شۇ لاپقا ئالدى قانچە پايدا بەزىلەر،
تولدى پەيمان ئەجرىسىز نەپ گالغا تەپتى، غىڭشىماڭ.

شەيخ بولۇپ تەييارغا ھەردەم نەققە تۇردۇق بىر مەھەل،
تەر تۆكۈپ ئاش - نان تېپىشنى خوپ ئۆگەتتى، غىڭشىماڭ.

قىلدى جەسۇر مەردنى بۇدەم، دىلغا ياقتى ئىسلاھات،
ئىشلىسەڭ شاد، بولمىسا خار، ئەمدى ئەتتى غىڭشىماڭ.

# ۋاقىتلىق

مەغرۇرلانما، ھوقۇقنىڭ كارامىتى ۋاقىتلىق،
يىغ نەپسىڭنى ئەمەلنىڭ دارامىتى ۋاقىتلىق.
ھوقۇق تۇتتۇڭ چوڭ تۇتتۇڭ، ھالاۋىتى ۋاقىتلىق،
شۇنى بىلگىن: ھەر كىمنىڭ خۇشامىتى ۋاقىتلىق.

كىملا كىرسە ھۇجراڭغا «يوقلاپ تۇردى» دەپ قالما،
«يېقىنچىلىق مېھرىنى ساقلاپ تۇردى» دەپ قالما.
«ماڭا ھۆرمەت مېھرىنى ئاقلاپ تۇردى» دەپ قالما،
خامېلېئونلار بار تېخى، ساداقىتى ۋاقىتلىق.

«مەن ئەزەلدىن قالتىس» دەپ ھوقۇقىڭدىن كېرىلمە،
ئەل غېمىدە بول ھامان، شەخسىيەتكە بېرىلمە.
خەلقىڭ ئۇچۇن تىك داۋان، تاغلار ئاشقىن، ئېرىنمە،
بولماس شۇنداق باشلىقنىڭ ئىناۋىتى ۋاقىتلىق.

چاپلاشقاننى دوست بىلىپ، نورمال يۇرسە يات كۆرمە،
شۇم نىيەتنى «ئالتۇن» دەپ، ياخشىلارنى دات كۆرمە.
چاي قۇيغاننى «سادىق» دەپ، قۇيمىغاننى سەت كۆرمە،
مەككارلارنىڭ تەكلىپى - زىياپىتى ۋاقىتلىق.

چۇش كۆرىدۇ بەزىلەر سېنى خۇش قىپ كۇلدۇرۇپ،
كۆڭلىڭ ئالسام دەر ھەتتا ئۆشنىڭسىگە مىندۇرۇپ.
كۆرسە سېنى ئاۋارە قوشلاپ تەخسە كۆتۈرۈپ،
شۇنداقلاردىن ئاگاھ بول قىياپىتى ۋاقىتلىق.

# پارىخور

ھىيلە بىلەن ئالدىڭ، مەنسەپ - ئوتتوقنى،
پۇرسەت بىلدىڭ خەلقىڭ بەرگەن ھوقۇقنى.
دىيانەتنى شەكلەن سۆزلەپ - ۋاللاقلاپ،
پارا بىلەن لىق تولغۇزدۇڭ ساندۇقنى.

يەپ ئۆتكۈزدۇڭ كۈنلىرىڭنى راھەتتە،
نەپ كۆزلىدىڭ قىلغان ھەر بىر «خىزمەت»تە.
«جان تەسەددۇق خەلقىم ئۈچۈن» دەيسەنۇ،
كارىڭمۇ يوق نامرات قالسا غۇربەتتە.

قالمىدى پۇل، سەن ئالمىغان ئۆن - ياغاچ،
گۆش، ماي، گۈرۈچ، تاماكا، مەي، نان - توقاچ،
قويماي يېدىڭ يەر يۈزىنى سۈپۈرۈپ،
چۆلدە قالغان بۆرە كەبى كۆزى ئاچ.

دوستۇڭ بولدى ساڭا سوۋغات بەرگەنلەر،
خۇشياقمىدى قۇرۇق دەرد - ھال تۆككەنلەر.
بولۇپ قالدى نەزىرىڭدە رەقىبىڭ،
«بۇ جاھاننىڭ ئىگىسى بار» دېگەنلەر.

تەخسىكەشنى ئاسراپ - سىلاپ ياقلىدىڭ،
ياخشىلارنى چاقتىڭ - نەشتەر سانجىدىڭ.

قىزىل بولاق، سومكا بولدى ساڭا يار،
«خاتا قىلدىڭ» دېگەنگە غوم ساقلىدىڭ.

سايلىغانتۇق ئازمايدۇ دەپ مال - پۇلغا،
كۆز قىرىنى سالمايدۇ دەپ ئالتۇنغا.
يەرگە ئۇردۇڭ ئۇمىدىنى ئەل - يۇرتىنىڭ،
چۈشكەن ئىكەن «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇل»غا.

نەپسانىيەت پاتقىقىغا مىلىنىپ،
قالدىڭ نەپرەت ئازگىلىغا چىلىنىپ.
سەندە يوقكەن قىلچە ئىنساب ۋە ئۇيات،
ھەيرانىمەن يۈرگىنىڭگە كېرىلىپ.

مەنسەپ سېنى بىھوش قىلدى، مەست قىلدى،
توغرا يولنى تاپمىقىڭنى تەس قىلدى.
نەپسىڭ يوغان، كۆزۈڭ تويماس ئاچ بولغاچ،
ئەل نەزىرى سېنى ئىتتىن پەس قىلدى.



# نادانلىقنىڭ ئالامىتى

ئۈمىدسىزلىك ــ قالاقلىقنىڭ بېشارىتى،
نامراتچىلىق ــ بوشاڭلىقنىڭ كارامىتى.
كىر ـ ئىللەتلەر، بىلىمسىزلىك ئاسارىتى،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

نە ئۈچۈنكى قالاقلىقتا يېپىشتۇق بىز،
پەن ـ بىلىمدىن بەك يىراقلاپ كېتىشتۇق بىز،
پەيت ئۆتكۈزۈپ پۇشايماندا قېلىشتۇق بىز،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

دوست تارتىشىپ ئاچچىق ھاراق ئىچىشتۇق بىز،
ھەتتا زەھەر ـ ئاق تاماكا چېكىشتۇق بىز،
دۇرۇس ماڭماي كوچىلاردا يېتىشتۇق بىز،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

گىدەيگەنگە بەك خۇشامەت قىلىشتۇق بىز،
پېشانىنى يەرگە يېقىپ ئېگىشتۇق بىز،
گۆش ـ تۇخۇمنى ئاق ھاراققا تېگىشتۇق بىز،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

ھە دېگەندە رېستورانغا قاراپ چاپتۇق،
تۆت پۇل تاپساق كۆرەڭلەپ بۇزۇپ چاچتۇق،
بۇگۈن تويۇپ، ئەتىگە يوق خارابلاشتۇق،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

يوققا باقماي ھەشەمەتنى قوغلاشتۇق بىز،
ھېچ ئۇيالماي مەنپەئەت ئۈچۈن دوستلاشتۇق بىز،
نەپ ئالمىساق ئەلچىلىشىپ سەتلەشتۇق بىز،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

خەق ئىشلىسە، بىر دوقمۇشقا توپلاشتۇق بىز،
كەچ كىرگىچە قارت ھەم قىمار ئويناشتۇق بىز،
تېرىقچە نەپ ئۈچۈن گاچ - گۇچ مۇشتلاشتۇق بىز،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

چالا موللا ۋەز ئېيتسا تىڭشاپ كەتتۇق،
«شۇكۇر» دەپلا ھۇرۇنلىشىپ يۇمشاپ كەتتۇق.
ئەجدادقا خاس ئىرادىدىن بوشاپ كەتتۇق،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

كۈن ئۆتكۈزدۇق نەزىر - چىراغ، چاي - پاي بىلەن،
بىر لۆڭگىدە مىڭ قول سۇرتۇپ ھاي - ھاي بىلەن،
كېسەل يۇقتى، ئىڭراپ ياتتۇق ۋاي - ۋاي بىلەن،
بۇ ھەممىسى نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

«بۇ ئېزىتقۇ ئۆز يولىدىن ئازدى» دېمە،
ئەجەللىك بىر ئاجىزلىقنى قازدى دېمە،
مىللىتىمنى كەمسىتىپ شېئىر يازدى دېمە،
دېسەڭ دەل شۇ - نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

ئەيىب ئىزدەپ ئۆز خەلقىنى سۆكتى دېمە،
ئەل ئىچىدە ئابرۇيىنى تۆكتى دېمە،
بىزدە ئىللەت، مۇنچە نۇقسان يوقتى، دېمە،
دېسەڭ دەل شۇ - نادانلىقنىڭ ئالامىتى.

# ساختا

جاھاندا باركى قىسمەنلەر، تامامى پۈتكىنى ساختا،
تەۋەللۇت بولغىنى راستتۇر، لېكىنزە يۈركى ساختا.

تەقدىرنىڭ كارامىتى شۇ، بازار كەپ قالدى شۇنداققا،
ئايا دوستلار ھەزەر ئەيلەڭ يېقىنلاپ كەلگىنى ساختا.

راۋان سۆزلەيدۇ خىسلەتتىن، دىيانەت بابى ئىنسابتىن،
لېكىن زەررىچە ئىنساب يوق ۋالاقلاپ كەتكىنى ساختا.

ۋاپادار دوستىنى بابلاپ «يېقىن مەن» دەپ تۇرۇپ پۈتلاپ،
يەنە ئۆزىچە مېھمانلاپ پالاقلاپ كۈتكىنى ساختا.

«ئادالەت يولىدا مەن» دەپ، يامان نەپسىگە چوغ تارتىپ،
ئۆزىنى پاك ساناپ دائىم قەسەملەر ئىچكىنى ساختا.

«تەسەددۇق ئەلگە جانىم» دەپ قىلۇر ھامانە رەڭۋازلىق،
مىسالى ئۆتمەككە يول تۇرسا، قىيانلار كەچكىنى ساختا.

شامالدا ئۆرلىگەن لەگلەك چۈشەدۇر يېرتىلىپ يەرگە،
كىبىرلىك قەغەزگە ماس كەلمەس، سامادا ئۇچقىنى ساختا.

# نەسىھەت ۋە لەنەت!

بەزىبىر كىشىلەر ھاكاۋۇر بولدى،
قاياقتىن كېلەر دەپ تاماخور بولدى،
زىغىردەك ئەمەلنىڭ بېغىنى تۇتقان،
قىسمەنلەر ھەتتاكى پارىخور بولدى.

ئويلىنىپ يەتتىمكى ئىشنىڭ تەكتىگە،
بۇ ئىللەت مۇنچىلا يوقتى ئەسلىدە.
خۇشامەت كەسپىدە يۈرگەن بەزىلەر،
بار قىلدى نەپ - پايدا تېپىش قەستىدە.

ئۆزلىرى ئاچ يۈرۈپ باشلىققا سۇڭلاپ،
قول سېلىپ پۇچقاقتىن كۆتۈرۈپ جىڭلاپ،
ئادەملىك غۇرۇرنى يوقاتتى ئەجەب،
كۈچۈكتەك ئەركىلەپ سۈركىلىپ ئىڭراپ.

«داستىخان ھازىرلاپ چاي - پاي قۇياي» دەپ،
ئۆمىلەپ ئۆتۈندى «پاقلان سوياي» دەپ.
خۇشامەت تۈرلىرى ئەجەبمۇ جىقكەن،
بەزىسى تىزلاندى: «ماختاي - يازاي» دەپ.

مۇنداقلار ئادىتى ئۆزگىنى چېقىش،
(قىزىتىپ تونۇرنى پەملەپ نان يېقىش)
ھەپتىنىڭ ئۈچ كۈنى ئاڭا مەشغۇلات،
باشلىقنىڭ ئۆيىدە پالاسنى قېقىش.

قانچىكى ئېگىلسەڭ گىدىيەر شۇنچە،
(زىراپە ئاستىدا چەيلىنەر غۇنچە)
قولۇڭنىڭ پەنجىسى بەشتىن كەممىدى؟!
بىراۋغا قول كەبى ئېگىشىپ مۇنچە.

كەمتەرلىك بىز ئۈچۈن ئادىمىي خىسلەت،
كەمتەرگە ھۆرمىتىم ئەبەدتىن ـ ئەبەد.
كىبىرلىك بىرسىگە قىلسام نەسىھەت،
تەخسىكەش مەلئۇنغا ئوقۇيمەن لەنەت!

# ئەخمەق چاغلىرىم

ۋادەرىخا! ئاقىرىپتۇ ساقال - چاچلىرىم،
ئاغرىيدىغان بولدى بەل، پۇت، مۈرە - باشلىرىم.
ئەتراپىمدا يوق قارىسام رومكىداشلىرىم،
قېنى قايان كەتتى ئىچكەن «جان ئاداش»لىرىم،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

كېچە - كېچە قوغلاپ ئىچىپ بىردەم ئۇخلىماي،
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار - تەمبۇر چالدۇق توختىماي.
رەنجىتكەنتىم ئانامنىمۇ پات - پات يوقلىماي،
دادام دەيتتى: «نە قىلىق بۇ؟ ئەمدى تاشلىماي»،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

هاراق دېسە ئىشكاپىمدا ئۆزمەي ساقلىدىم،
دائىم ئۆيگە ئىزدەپ - زورلاپ مېهمان باشلىدىم،
ئىچمىگەنگە ئاچچىق قىلىپ قايناپ تاقلىدىم،
ئىش ھەققىمنى داستىخانغا شۇنداق تاشلىدىم،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

يىراق قىلماي ئايالىمنى قازان بېشىدىن،
(سەي قورۇ دەپ) ئۇنىمىسا تولغاپ چېچىدىن،
يوق قىلىمدىم كۆك ۋە چاقا ئۇنىڭ يۈزىدىن،
ئۈركۈپ «پاختەك» دېگەن مەستىنىڭ سېسىق گېپىدىن،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

«گىرى» دەيتتىم قاتار ـ قاتار چايلاشمىغاننى،
بىر كۈن مۇندا، بىر كۈن ئۇندا ئويناشمىغاننى،
ھەجۋىي قىلدىم ھاراق بىلەن دوستلاشمىغاننى،
«ياشاپ» كۈندە مەست بولۇشۇپ قايناشمىغاننى،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

ئىچمىگىنى، چەكمىگىنى بولدى سالامەت،
ئەسلى ئىكەن «گىرىلار»نىڭ ئەقلى كارامەت.
مائاشنى بۇزۇپ ـ چاچماي قويغاچ ئامانەت،
سالدى كۆركەم يول بويىغا كاتتا ئىمارەت،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

يىلدا ئەمەس، ئايدا ئەمەس، كۈندە توپلاشتۇق،
«مېھماندوست» دەپ ماختاپ قويسا مەيدە مۇشتلاشتۇق،
قەدەھلىشىپ ـ قەسەملىشىپ شېرىن مۇڭداشتۇق،
ئايرىلىشقا كۆز قىيماستىن تەستە خوشلاشتۇق،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

قۇيسام ئىچىپ، بەرسەم يالماپ شاد ئۆتتى كۈنى،
بىللە ئىچكەن قايسى دوستۇم ئەسقاتتى قېنى؟
ئەمدى كەل ـ كەل دېيەلمەيتتىم خۇيلاندى تېخى،
ھەتتا «پىخسىق»، «بەرمەس باي» دەپ تىللاشتى مېنى،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

ئېغىر كۈندە ياندا تۇردى ئۆز تۇغقانلىرىم،
ئاغرىپ قالسام يوقلىمىدى ئۇ مېھمانلىرىم،
نەلەردىدۇر تانسا ئوينىغان نازۇك خانلىرىم،
ماڭا سادىق پەرۋانىكەن خوتۇن ـ باللىرىم،
ئۆتكەن ئىكەن زەپ بىھۇدە ئەخمەق چاغلىرىم.

# چېقىمچى(II)

نەپ ـ ئەمەلگە ئۆزۈڭنى مۇنچە ئاتما چېقىمچى،
يىلتىزىغا ئۆملۈكنىڭ پالتا چاپما چېقىمچى،
گۇناھسىزغا مىڭ پاتمان تۆھمەت ئارتما چېقىمچى،
ياخشىلارنى ئەمدى بەس، بولدى چاقما چېقىمچى.

چېقىش دېگەن ئەسلىدە خۇيى ئەسكى چايانىنىڭ،
چىشلەش بولسا غالجىر ئىت، غەرەز ئۇقماس ھايۋانىنىڭ.
ئۆگەنگىنى ئەجەب ئىش، بۇ كەسىپنى ئىنسانىنىڭ،
ياخشىلارنى ئەمدى بەس، بولدى چاقما چېقىمچى.

چوڭقۇر قىلىپ «ئەسسالام» كېتىسەن گاھ سىردىشىپ،
سىرداشتىم دەپ سىر ئېلىپ، كەينىمىزدىن تىلللىشىپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتتى دوستلارنى، ئىنئام بىلەن تېگىشىپ،
ياخشىلارنى ئەمدى بەس، بولدى چاقما چېقىمچى.

قاچانغىچە قول ئۇزمەي، ياشارسەنكىن غەيۋەتتىن،
يىراق يۈرسەڭ بولماسمۇ ھەسەت ئاتلىق مەينەتتىن،
ساۋاق ـ ئىبرەت ئالماق بار، ئۆتمۈشۈڭدىن ـ ئىللەتتىن،
ياخشىلارنى ئەمدى بەس، بولدى چاقما چېقىمچى.

چاقساڭ ساڭا ھۈزۈركەن ئادەملەرنى ئادەمگە،
ئارازلىقتىن يايرايسەن، قاتناشقاندەك ئايەمگە،
لەنەت، سېنىڭ ياشاشتا بۇ مەنتىقە ـ چارەڭگە،
ياخشىلارنى ئەمدى بەس! بولدى چاقما چېقىمچى.

# تېرىكمە

شېئىر يازسام چېچاڭشىپسەن، يازدىم تېرىكمە،
يامان ئىللەت ئازگىللىنى قازدىم تېرىكمە.
گەر يازمىسام بىر ئارماندا قالدىم تېرىكمە،
چىن ئىنسانلىق خىسلىتىدىن چاندىم تېرىكمە.
ئاق دېسەڭ ئاق دەيدىغاندىن تاندىم تېرىكمە.

داداڭ قويغان ئىسمىڭ ئۆچۈپ ئەمدى «جاڭ» بولدى،
خەلقىم بەرگەن ئىمتىيازدىن نەپسىڭ ھاڭ بولدى.
ئۆيۈڭ بايلىق ـ ئوقەت تولغان يوغان ساڭ بولدى،
ئاڭلىغىنىڭ ماختاش ـ كۈلۈش، «شاد ياشاڭ» بولدى.
بىھوشلۇقتىن ـ مەستلىكىڭدىن تارتتىم تېرىكمە.

پاكلىق ئىدى ئەسلى سەندىن ئەلنىڭ كۈتكىنى،
چىرىكلىكتۇر ئەڭ ئەشەددىي يامان دۈشمىنى.
ئەل نەزىرى تاغدىن ئېگىز، ئۆلەر چۈشكىنى،
تاشلا ئاقىل بولساڭ كىيگەن كىبىر بۆكىنى.
بىلسەڭ ئاگاھ چالمىسىنى ئاتتىم تېرىكمە.

چوغنى يۇتساڭ گاللىرىڭمۇ بوپ كەتتى كۆيمەس،
كۆكتە لەيلەپ ئەجدادىڭنى بوپ قالدىڭ بىلمەس.
پادا باققان دوستلىرىڭغۇ يادىڭغا كەلمەس،
كۆزلىرىڭگە ياغ قاپلىشىپ بوپ قالدى كۆرمەس.
ئۆتمۈشۈڭنى ئېسىڭگە دەل سالدىم تېرىكمە.

پەخىرلەندىم ئەجەب بۇگۇن شائىرلىقىمدىن،
ئىلىلەتكە ئوق دەل تەگكۈزگەن ماھىرلىقىمدىن،
يەنە چەنلەي خوشلاشقىچە جاھىلىلىقىڭدىن،
مەرگەندۇرمەن تا يانغىچە غاپىلىلىقىڭدىن،
ئوقيارىمغا ئۆتكۈر ساداق سالدىم تېرىكمە.

# باردۇر

ھەزەر ئەيلە يېنىڭدا دوست ھەسەتخوردىن بىرى باردۇر،
چىرايى رەڭ، تېشى پال ـ پال ئىچىدە غۇم ـ كىرى باردۇر.

سېنىڭدىن كەلسە نەپ ـ نېمەت يېقىندۇر، بولمىسا ئەكسى،
يۇلۇپ يالماشقا بەك ماھىر گوياكى ئاچ بۆرە باردۇر.

كۆرۈنمەككە كۆيۈملۈكتۇر، سالامى يۈز مېتىر يەردىن،
دىلىڭغا پەم بىلەن سانجار، تىلىدا زەھىرى باردۇر.

مۇغەمبەر كۈلكىسى تەييار ئۇتۇق ـ تۆھپەڭنى ماختاشقا،
يۈزىڭگە ماختىغان بىرلە ھەسەتنىڭ خەنجىرى باردۇر.

مىجەزى تۈلكىلىك ـ قۇۋلۇق، ئۆگەنگەن كەسپىدۇر شۇملۇق،
زىيان ـ زەخمەت، مىكىر، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئامبىرى باردۇر.

سۇخەنچى كەسپىدىن تاپتى، لېكىن ۋاقتىنچە بۇ ئامەت،
ھازىرغۇ مەيلى نامەلۇم، ھامان ئاشكارا سىرى باردۇر.

چاياندەك چاقتى ئەربابقا ئۇۋالغا قويدى ياخشىنى،
توقۇپ تۆھمەتنى يازماققا قويۇندا دەپتىرى باردۇر.

# گۈزەل

ئەكىردى شەھەرگە سەھرا گۈزىلى،
ساتقىلى بىر سېۋەت چۇرۇچ قوناقنى.
ياسانچۇق نازىنىن كەلدى ناييناقلاپ،
ئۆزىچە مەسخىرە قىلدى قىزچاقنى.

لەۋسۇرۇق لېۋىنى قىپتۇ جىنەستە،
ياساپتۇ قېشىنى بەرگى قىياقتەك.
بوياپتۇ مەڭزىنى قىپقىزىل ئالما،
قېتىپتۇ نازىنىن خۇددى تاياقتەك.

مىڭ ئەپسۇس! كەمىستىسە ئەمەسمۇ ئۇۋال،
شۇ كەبى نازىنىنلار سەھرا قىزىنى.
گۈزەللىك بابىدا ماختانسا ناھەق،
يۈز خىل رەڭ پەردازدا بوياپ يۈزىنى.

ئۆزىنى بازارغا سالغان گۈزەلدىن،
سۈت، قېتىق، سەي، گازىر ساتقىنى ئەۋزەل.
تۇرغىچە غايىبتىن چاقىرغۇ كۈتۈپ،
مەڭزىدىن ھالال تەر ئاققىنى گۈزەل.

# ئۆي سالسام

تۇيا - تۇيماس پۇتۇپ قالدى هوقۇق بار چاغدا ئۆي سالسام،
پۇتەركەن بۇ دەمدە ھەتتاكى ئېگىز ئاسمانغا ئۆي سالسام.

هوقۇق بولسا لاتا قوزۇق كىرەركەن داق يەرگە پۇرلەشمە،
ياغاچ، خىش، قۇم، پولات - سېمونت ئىكەن بىكاردا ئۆي سالسام.

هوقۇق - مەنسەپنى پەش قىلسام ياغاچچى - تامچى جان تىكتى،
بوياقچى - سىرچى، ئەينەكچى كۇتۇپ تامادا ئۆي سالسام.

ئېلىپ ماڭسام زىيان يوقكەن هوقۇق بىرلە قېلىنلىقنى،
نى ھەددى بەرمىسە ياردەم ئاۋام ئاراندا ئۆي سالسام.

كىمكى ئۆيگە كۇچ قاتماي تۇرار بولسا سىڭاياندا،
كېيىنكى ئىشلىرى كاجدۇر، ئۇ بار «شاگاڭ» دا، ئۆي سالسام.

كىچىكى - چوڭى ئوغلۇمنىڭ تۇگەشتى غېمى نەۋرەمگە،
(هازىرقى بارى سەل - پەل ئاز) يەنە تۆت جايدا ئۆي سالسام.

ئىلىككە ئالمىدىم قىلچە پىكىر، دەرد، ئەرز - ۋايساشنى،
قىلالماس هېچ كىشى غىڭ - پىڭ ئىگىملەپ بەش مودا ئۆي سالسام.

سىناپ باقتىم ھوقۇقۇمنى چېكەمدىن تامچە تەر تۆكمەي،
پۈتەركەن ھەپتە ـ ئون كۈندە سۆ يوق جاڭگالدا ئۆي سالسام.

دادامىۆ ئۆتتى يىل ـ يىللاپ پۈتۈن كېسەكتە ئۆي سالماي،
ئۈنىڭ روھىمۆ ھەيرانغۆ مىراس يوق ھالدا ئۆي سالسام.

چۈشۈمدە كاتتا ئۆي باستى بېلىمنى غارس قىلىپ تۈۋا،
يۈتامدۆ مېنى ئەل قەھرى يېتىپ ساپادا ئۆي سالسام.

دىيانەت تىزگىنى تارتىپ ئارام بەرمەيدۆ كاللامغا،
تۆتارمۆ بىر كۈنى گالدىن پارا ـ ھارامدا ئۆي سالسام.

ئامالىم يوقكى ئىقرارمەن: ئۆزۈمنى راستلا نامەرد دەي،
ھەقىقي نوچىمەن ئاندىن تۆرۈپ پەگاھتا ئۆي سالسام.



# توي قىلسام

ماگا قوش ـ قوش ياغار ئامەت كۆرۈك مۇبادا توي قىلسام،
كېلەركەن ھەر تامان پايدا ھوقۇق بار چاغدا توي قىلسام.

جاھاننىڭ كارى شۇنداقمۇ بۇگۈن ئۆچرەتتە سوۋغات كۆپ،
تولاركەن قازنىقىم تويدا ئەمەل بار چاغدا توي قىلسام.

كىچىكتى ئۆچ بالام ئەپسۇس، چوگايتىمشقا ئامال بولسا،
بۇرۇنقى ئۆيلىگەن ئوغلۇم جىمىگە قايتا توي قىلسام.

بۇ تويدا پايدا كۆردۇم جىق بۇرۇنغا پۇشايمان باردۇر،
قەدىناسىمنى قىز قىلسام يېگىچە كاتتا توي قىلسام.

تۇغۇلغان كۈن، تويى سۈننەت، مېنىڭ نەۋرەمۇ ـ چەۋرەم دەپ،
بۇگۈن تەبرىك ئەجەب ئالقىش ماگا ياغقاندا توي قىلسام.

دەرىخا! ئۆچ قىزىم بولسا، مۇشۇ پۇرسەتكە ئۈلگۈرسە،
باغاقنى ئاينىتىپ ھەسسە بۇ دورەم باغدا توي قىلسام.

بېيىشقا پەمى يەتكەنگە بۇ چارە زەپمۇ ئوبدانكەن،
ماگا ئامەت گويا سەلدەك ئۇدۇل ئاققاندا توي قىلسام.

جىنايەتكە ئەمەس تەۋە، ئەمەس ھەم پارىغا مەنسۇپ،
بۇ بىزگە ئۆرپ ـ ئادەتتۇر دەپ سەۋەب تاپقاندا توي قىلسام.

ھوقۇق پەيتى ئۇزۇن بولماس ئاۋايلاپ قىسقا پۇرسەتتە،
سىخىي كۇز، ياق جىمى پەسىل، ئۇزاتماي ئايدا توي قىلسام.

# داۋالانسام

ئەجەبمۇ پەيزىكەن ياتسام (ئەمەل باردا داۋالانسام)
كېسەلنىڭ تايىنى يوق، ئەمما دورام مودا داۋالانسام.

يېنىمدىن كەتمىدى دوختۇر، مېھىرلىك باقتى ھەمشىرە،
كۈنۈم ئۆتتى مىنۇت ـ سائەت پاراۋاندا داۋالانسام.

راسا كۈلدۈردى بۇ پىنھان ياتاقتا پاتمىدى سوۋغات،
كېچىلەپ توشۇدۇق ـ ساتتۇق دۇكانلاردا، داۋالانسام.

تىزىلغان دەستە گۈللەردىن ھۇزۇر ئېپ شۇندا ھېس قىلدىم،
گويا كى سەيلە قىلغاندەك چىمەن باغدا داۋالانسام.

قېنى پېقىرغا كىم سادىق، يەنە كەلمەيدۇ كىم يوقلاپ،
سىناشقا خەقنى خوپ پەيتكەن ئاداشقاندا داۋالانسام.

كۆنۈپ قالدىم ياتاقتا خەپ پەقەت ـ پەقەتلا كەتكۈم يوق،
ۋادەرىخ! نەپ كېلۈركەن كۆپ مۇشۇ چاغدا داۋالانسام.

# بىر چىرىكنىڭ «خىزمەت خۇلاسە»سى

ئارمىنىم يوق قىلارىمنى قىلىۋالدىم،
ئەل ـ ئاۋامنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالدىم،
تۆت ـ بەش زامان ھوقۇق پەيزى سۈرۈۋالدىم،
ھىيلە بىلەن پارا ـ سوۋغات يىغىۋالدىم،
پىكىر چىقسا قۇلىقىمنى ئېتىۋالدىم.

سۇرەن سالدىم «دىيانەتلىك كادىرمەن» دەپ،
«تەييار ئۇتۇق، شان ـ شەرەپكە ھازىرمەن» دەپ،
پەم ئىشلەتتىم «ھەممىگىلا قادىرمەن» دەپ،
پۇل ـ نەپ زۆھرە، ئاڭا ئاشىق تاھىرمەن دەپ،
ئاغزىم «ياق» دەپ، قولۇم «بەر» دەپ سىيرىۋالدىم.

ئادىللىقتىن سۆز باشلايمەن يىغىنلاردا،
گىدىيىمەن «گېلىم ساق» دەپ سورۇنلاردا،
ئەمما يەيمەن پۇرسەت تاپسام بۇلۇڭلاردا،
نەپ يەتكۈزدۇم تەخسىكەشلەر يېلىنغاندا،
شۇنداقلاردىن قولتۇقۇمغا قىسىۋالدىم.

قېتىۋالدىم ـ كۆرۈنۈشنى پۈرۈر قىلدىم،
قولۇم شىلتىپ تۆۋەنلەرگە كوزۇر قىلدىم،
سالام ـ سەھەت خۇشامەتتىن ھۇزۇر قىلدىم،
تېشىم سىلىق، ئىچ باغرىمنى قوتۇر قىلدىم،
بەزىلەرنى چايان بولۇپ چېقىۋالدىم.

يۇقىرى تەشكىل «نامراتنى باي قىلغىن» دېسە،
كۈندە سۆزلەپ «ئۈچكە ۋەكىل بولغىن» دېسە،
«سۈيىدە ئاق، ئەل ئوتىدا كۆيگىن» دېسە،
«ئەل ئىشنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلگىن» دېسە،
«ماقۇل» دېدىم، پەرۋايىم يوق يۈرۈۋالدىم.

ھوقۇق پەيتى قىسقا چاغكەن پۇرسەت بىلدىم،
نامدا خىزمەت، ئەمما راستى ئوقەت قىلدىم،
تۈلكە مىجەز بولغاچ ئۆزۈم دىققەت قىلدىم،
بايان قىلسام مانا شۇنداق «خىزمەت» قىلدىم،
جاپا چەكمەي ئوڭدا يېتىپ بېيىۋالدىم.

ئويلاپ باقسام ئىشنى ئاددىي چاغلاپتىمەن،
ئەجىر قىلماي كانىيىمنى ياغلاپتىمەن،
شىلتىڭ ئېتىپ توغرا يولدا ماڭماپتىمەن،
يېگىنىمنى ئەمدى قۇسۇپ ياتماقتىمەن،
ماڭا بۇ ئاز ئۆزەمچىلا سېسىۋالدىم.



# دەرسەن

ئەزىز دوستۇم سەپەر قىپسەن يارەنلەرگە سالام دەرسەن،
مېنى ئەسلەپ ئۆتەرلەرگە ئۆزى هەردەم خۇشال دەرسەن.

يارالغان چاغدا بىر هەمراھ نېسىپ بولغان ماڭا سىرداش،
نە هەمراھكى قەلەم، ۋىجدان، شۇڭا هوشيار هامان دەرسەن.

ئاۋام كۆڭلى ئۇچۇن ئىشلەپ، گويا سەلدەك ئاقار مېھرىم،
هارامغا چىرمىشار كىمكى، ئاڭا پەيلى يامان دەرسەن.

خۇشامەت - تەخسىكەشلىككە ئېلان قىلدىم كارامەت جەڭ،
شاھانە ئەركى - تاجىم بار ئۆزىگە ئۆزى خان دەرسەن.

چۇشۇۋېرىپ شاياتۇنىنىڭ مۇغەمبەر كۇلكە - دامىغا،
يىغىپتۇ بىر ئۆمۈر ئاچچىق ساۋاق قەلبىدە كان دەرسەن.

پاناھىم ئەسلى ئەل قوينى، تامايىم يوق ئەمەل - نەپتىن،
غۇرۇرنى بەرمىدى زەرگە يېسىمۇ زاغرا نان دەرسەن.

تەكەببۇرغا كەبى مىخ بوپ قادالسام، قەددىنى پۈكسەم،
دېگەن ئارزۇسى ئارتۇقكەن ئۆزى ئاددىي دېھقان دەرسەن.

توساق سالماقنى پەم ئەيلەر مىكىرلەر قالدۇقى يولدا،
لېكىننزە مىكرى كار قىلماس يولى داغدام راۋان دەرسەن.

«يېقىن مەن» دەپ تۇرۇپ پۇتلار، بۇ ئىش ماڭدامدا بىر ئۇچرار،
شۇڭا بۇ كەمدە دوستلۇقتا چۇشۇپتۇ شەك - گۇمان دەرسەن.

ئۇ ياقلاردا ماڭا كۆڭلىن بۆلەرلەرگە سالام دەرسەن،
يېنىدا پاك نىيەتلەر كۆپ، خېلى بەك تىنچ - ئامان دەرسەن!



# بەزىدە

رەنجىمە، رەنجىتتى خەق دەپ، رەنجىيدۇ ھەر كىم بەزىدە،
تەم - تۇزى تۇرمۇش دېگەننىڭ ئاچچىققۇ بەلكىم بەزىدە.

رەنجىگەن سەندىنمۇ كۆپلەر خوپ بولدى رەنجىپ باققىنىڭ،
ھۆكمى كەسكىنلەر قاتارى، ئەل ھۆكمى كەسكىن بەزىدە.

غىڭشىتار بەزەندە شۇنداق، خەقتىن مۇبارەك كۇندە يوق،
بىلمىسەڭ تەكرار ئۆزۈڭنى نەپرەتمۇ تەقدىم بەزىدە.

ئۇنتۇساڭ رەنجىش دېگەننى مەستلىكتە شاھتەك كېرىلىپ،
تىللىسا ھەقلىق مېنىڭچە ئاشقاندا ھەددىڭ بەزىدە.

كاج قەدەم باسساڭ داۋاملىق، دوستلارغا قىلساڭ چوڭچىلىق،
پۈكلىنەر ئوت - خەس مىسالى ئاۋۋالقى قەددىڭ بەزىدە.

بىل شۇنى بامبۇكمۇ دەيمىش «پۈكلەندى بەستىم بەزىدە»،
قەلبى چوغ شائىر تىلىدا يولۋاسمۇ مىسكىن بەزىدە!

# ئەي تەھرىر

كىرىشالماڭ دەرد - پەدى يوق بىر يولغا،
ئامراقكەنسىز قىزىقى يوق تونۇرغا.
بەتلىرىڭىز مەدھىيەگە تولۇپتۇ،
ئوخشاپ قالماڭ بىر يېنى يوق خۇرجۇنغا.

ياندا ئۆتۈپ كېتىپ قالماڭ ھەجۋىيدىن،
بىللە ئۇنەر يانتاق گۈلىنىڭ بەرگىدىن.
ھەرىسى يوق ھەسەل زادى مەۋجۇتمۇ،
لەڭمەن ئوخشار قىزىل مۇچىنىڭ تەمىدىن.

يەتمەي قالسا گاھى قانۇن نەيزىسى،
نازۇك يەرگە تېگەر ساتىرا قامچىسى.
ئۇركۈپ كەتمەڭ ساتىرادىن ئەي تەھرىر،
ئاچچىق بولۇر كېسەللىكنىڭ دورىسى.

تاتلىق - تۇرۇم مول بولسىمۇ ياراشماس،
داستىخاندا بولماي ئاچچىق - چۈچۈكى.
توق دېسەكمۇ بۇ كەمدىكى مېغىزنى،
مۇقەررەردۇر باردۇر يەنە پۇچىكى.

«ئۇمۇ ياخشى، بۇمۇ ياخشى» دەۋېرىپ،
مەدھىيەدىن ھۇزۇرلىنىپ كېرىلىپ.

بۇزۇلمامدۇ بۇ جاھاننىڭ تەڭپۇڭى،
يۈرسەك شۇنداق سىڭايانغا ئەگىلىپ.

ساتىرانى يازسام بارمۇ چولىڭىز،
ئوقۇۋېتىپ تىترەمدىكى قولىڭىز.
كالپىندارنى قوغلاپ يازساق بىز شائىر،
شۇمۇ سىزنىڭ بىزنى باشلار يولىڭىز.



# كەپتەر بىلەن قۇشقاچ سۆھبىتى

قايسىدۇر بىر كۈنى كەپتەر ۋە قۇشقاچ،
مۇڭداشماق بولۇشۇپ ئىزدەپ تېپىشتى.
كۆڭلى غەش، كۆزى نەم، دىللىرى سۇنۇق،
زارلىنىپ بىر ئىشتىن دەردلەر تۆكۈشتى.

دېدىكى قۇشقاچجان مىشىلداپ تۇرۇپ:
«پايدىلىق قۇش ئىدىم ئىنسانغا ھەر چاغ.
زىيانداش قۇرت ـ قوڭغۇز ئۇۋلايتتىم ھامان،
ئېتىز ـ قىر، زىرائەت، يۇرۇپ باغمۇباغ.

نە گۇناھ قىلدىم تاڭ ھېچبىر بىلمىدىم،
دورا دەپ تىكىلدى ئىنساننىڭ كۆزى.
مەن كەبى بىر چىشلەم ئاجىزنى ئەجەب،
ئىزامۇ تارتمىدى يېگىلى يۈزى».

يىغلىدى كەپتەرجان بۇ دەردنى ئاڭلاپ،
ئوخشىغاچ قۇشقاچقا ئۇنىڭ كەچمىشى:
«ئادەمگە قوي، ئۆچكە، تورپاقلار تۇرۇپ،
بىز بىلەن قالغىنى زادى نېمىسى؟

جاھاندا ئەڭ ئاچ كۆز ۋەھشىي ھايۋانمۇ،
يا گۆشخور، يا ئوتخور بىرسى بولۇركەن.

لېكىنچۇ، ئادەمنىڭ تويىمىغۇر نەپسى،
ھەم گۆشنى، ھەم ئوتنى يالماپ يۇتاركەن.

بىز ئانا كەپتەرلەر نە چارە دەيلى،
بىز تۇگۇل بىچارە باچكام قالمىدى.
تۇنۇگۇن كۆز ئاچقان قىزىل پوكاننى،
گۇچۇلداپ چايناشتىن ھېچ ئۇيالمىدى».

كەپتەرجان، قوشقاچجان نىدا قىلىشتى،
چۇچۇلداپ ئوخشاشلا كەلدى زۇۋانغا.
بۇقۇلداپ يىغلىدى ئۆمرىنى تىلەپ،
ئىلتىجا ئەيلىدى جىمى ئىنسانغا.

«تۇتماڭلار ئىنسانلار تىلەيلى ئىنساب،
پەرۋاز قىپ ئاسماندا خۇش بوپ ئۇچىلى.
شىپا دەپ يېسەڭلار، نەسلىمىز تۈگەپ،
ئازابلار سىلەرنى ۋىجدان كېسىلى».



# قىينالما

(بىر دېھقاننىڭ تىلىدىن)

ھۆددە يەرنى ئوتتۇز يىللىق ئالدىم، ھەيدەپ قىينالما،
ماڭدىم سەھەر ئەمدى ئىشقا، دۈيجاڭ توۋلاپ قىينالما،
«ئىش سۈپەتلىك بولمىدى» دەپ كۆندە قايناپ قىينالما،
«چوڭقۇر ھەيدە»، «جىق قوي قىغ» دەپ ئۆلچەپ ـ سۆڭلاپ قىينالما،
يەرگە ئۆزۈم «بەگ» مەن بۈگۈن، قايتا سايلاپ قىينالما.

«يەرنى گوللاش ـ ئۆزنى گوللاش» دېگەندىن مەن خەۋەردار،
تاللاپ تېرىش، قانداق قىلىش باشلامچىسى ـــ دەل بازار،
ئەسلى دېھقان ئۆماچ پىشماس داش قازاندىن بەك بىزار،
بولغان ئىدىم كۆپ ئۆزاقتىن ئاھ! بۈگۈنگە ئىنتىزار،
مەن بىلەرمەن پەرۋىش، تېرىش، ئىشنى زورلاپ قىينالما.

پاتراق كەلگەي تېخنىك كادىر ـ كەسپى بىزگە لازىمى،
غىق تويدۇق بىز زىنھار كەلمە شەكىلۋازنىڭ كانىيى،
ئېھتىياجسىز بىزگە ھەر چاغ ياخشىچاقنىڭ تەزىمى،
(ئېگىز پاشنا، تار يوپكىلىق «كادىر» قىزنىڭ «ۋاي ـ ۋېيى»)
ئەھمىيەتسىز بوز تورغايدەك قىرنى چىڭداپ قىينالما.

شۈبھىلەنمە دۈيجاڭ ئەمدى، يەر قىغلايمەن قانغۇدەك،
قەلبىمدە بار زور ئىرادە پاتمان ھوسۇل ئالغىدەك،

چاچتىم ئۇرۇق مەيلى قاچان، سالساق بازار تاپقۇدەك،
مەن ساراڭمۇ ئالتۇن قوزۇق — يەرنى ئاپئاق قويغىدەك،
ئالدىم ھۆددە پۈكتۈم بىر ئىش، كۈندە ئويلاپ قىينالما.



# رېستوران

يول تېپىش ھەم پۇل تېپىشتا مەردكە مەيدان رېستوران،
مىليونىرلىق مەنزىلىدە ئاتتەك چاپسان رېستوران.

بۇيرۇتار ئۇنلاپ شىرەدە، خىلدا يەتمىش قورۇما،
توي - تۆكۈن، نەزىرمۇ سېنى قىلدى ماكان رېستوران.

سۇردى سەندە ھەر خېرىدار، خۇددى جەننەت پەيزىنى،
ھېممىتىڭ تەنلەرگە مەلھەم بولدى دەرمان، رېستوران.

سازلىرىڭ سايراپ يېقىملىق دىلغا خۇشلۇق بەرسىمۇ،
گاھ سۇرەن، مۇشتلاش سەۋەبلىك كۆڭلى پەرىشان رېستوران.

مۇڭ ئالۇرمەن دەپ يولۇقسام ئۇنلۇك ۋاڭ - چۇڭ زەرىبىدىن،
مىسلى مەشچى بولقىسىدا قەلبىم پايخان، رېستوران.

قانچىنى بايۋەچچە ھاتەم، كاتتا ئەرباب قىلدى - يۇ،
قانچىنى ئوقەتتىن ئايرىپ قىلدى ۋەيران، رېستوران.

قانچىنى ئوتلۇق شارابقا جەم قىلىپ سىرداشتۇرۇپ،
بىرسىگە باغلاپ بىرىنى قىلدى مېھمان رېستوران.

يەككىلەر جۈپ بولدى مۇندا، توي قىلىپ تاپتى ساۋاب،
ئۆي بۇزۇپ بەزەننى تەنھا قىلدى سەرسان رېستوران.

ھەر دەقىقە ئۇندا مەۋجۇت ئەيش - ئىسراپ قىلمىشى،
چاندى ناھەق سەندە يوقسۇل ئاددىي دېھقان رېستوران.

چاغلىيالماي سەندە ئارتۇق مەي - شارابلار ئىچكىنى،
بولدى دەلدەڭ، كەسپى زابوي، جىسمى نىمجان رېستوران.

يەمگە كۆنگەن پاقلىنىمدەك سەندىن چىقماس چۆرگىلەپ،
يەپ ئومۇمنى تويمىغان ھېچ نەپسى شەيتان رېستوران.

ئۆز گۇناھى ئۆزلىرىگە، يۈكسىلىۋەر جانلىنىپ،
بەردى دەۋرىم كاتتا رىغبەت، ئەمدى ئىمكان رېستوران.



# دېھقاندا

بولسا دەيمەن ھەر كىمنىڭ مۇھەببىتى دېھقاندا،
ئۇرغۇپ تۇرسا فونتاندەك ساداقىتى دېھقاندا.

نېمىشقا يوق ئويلايمەن، زادى - زادى نېمىشقا،
بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى - پاراغىتى دېھقاندا.

تىرىكچىلىك يولىدا مىدىرلايدۇ يىل بويى،
ئىتىز - ئېرىق پەرۋىشى - مۇشەققىتى دېھقاندا.

ئوزۇق غېمى بىرسىدە، ئوتۇن غېمى بىرسىدە،
قىش - زىمىستان جەبرىنىڭ كارامىتى دېھقاندا.

كۈندە دەيمىز «سېلىق كۆپ، ئازلىسۇن» دەپ ۋارقىراپ،
ساقايمىدۇ سېلىقنىڭ جاراھىتى دېھقاندا.

«پۇل يىغدۇق» دەپ بەرمىسە كانىيىدىن ئالدۇققۇ،
ھەر كۈنلۈكى دە تالاش، مالامىتى دېھقاندا.

بىزلەر يېگەن ھەر نېمەت ئۈنىڭ جاپا - تەرىدۇر،
مەردانىلىك - سېخىيلىق، جاسارىتى دېھقاندا.

مېھمانخانا، رېستوران يەكلەر تېخى شۇلارنى،
بىلسە ئەسلى ئابرۇيىنىڭ سالاھىيىتى دېھقاندا.

گاھى دېھقان بىر ئۆمۈر قۇتۇلماسمۇ قەرزدىن،
بۇغالتىرنىڭ تۇگىمەس، ھېساباتى دېھقاندا.

تەبىئەتمۇ بەزىدە تولغايدىكەن بوينىنى،
مۆلدۈر، بوران، يەر تەۋرەش، سۇ ئاپىتى دېھقاندا.

بېيىغانلار بار، لېكىن سانى ئەمەس يېتەرلىك،
تۇرمۇش دېگەن جەڭگاھنىڭ ھالاكىتى دېھقاندا.

كەتتى دېھقان كۈيچىسى، ئەمدى روزى[1] ئورنىدا،
ئابدۇۋەلى راخماننىڭ ھېسسىياتى دېھقاندا.



[1] شائىر روزى سايىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# ئەتىسى

(بىر هاراقكەش تىلىدىن)

تۈن تەڭگىچە چالۋاقاپ بولدۇم قاپاق ئەتىسى،
خالاپ تاپتىم بىر كېسەل ئورنۇم ياتاق ئەتىسى.

مەندەك «بەگ»كە سورۇن كۆپ، يېدىم، ئىچتىم گىدىيىپ،
ئۇنتۇپتىمەن ھەممىنى، كۆزۈم چاپاق ئەتىسى.

سۇدەك ئىچتىم بەسلىشىپ، لايدەك قوپتۇم سەتلىشىپ،
سانجىلغاندەك بەدەنگە خۇددى پىچاق ئەتىسى.

ئىشتىھايىم بەك ياخشى ئۆزگىلەرنىڭ ئۆيىدە،
يېگىم كەلمەس ئۆيۈمدە، ھەرگىز تاماق ئەتىسى.

كۆڭلۈم مېنىڭ تىنىدى دەپ، ئىچمۇېرىپ سىڭدى دەپ،
ئەجەب ئەمدى تەس كەلدى ھۆ - ھۆ قۇسماق ئەتىسى.

پەرۋانىدەك ئۆزۈمنى ئۇرۇپتىمەن هاراقفا،
ئىلەڭگۆچتەك ساڭگىلار جانسىز پاچاق ئەتىسى.

گەپ قىلماقفا مادار يوق، جان قالماپتۇ جىسمىمدا،
چاپان گويا بىلىندى، ئېغىر يۈك - تاق ئەتىسى.

تاماشاسىز كۆن ئۆتسە، تۇرالماسمەن غۇمۇتلاپ،
تەييار ماڭا «زابوي» دەپ ئەسكى ئاتاق ئەتىسى.

نېمە چىقتى ئويۇندىن، قايمۇقتۇرغان قويۇندىن،
خىزمەت نەدە، مەن نەدە، زېھنىم تاقاق ئەتىسى.

قىزلار «نوچى» دەپ بەرسە، بوپتىمەن مەرد ـ بايۋەچچە،
ئايالىمغا نېمە دەي، يانچۇق «چاتاق» ئەتىسى.

«پەندىيات» دەپ نەچچە رەت ئەمەل قىلماي ۋەدەمگە،
ماڭا ئادەت شۇ بولدى، قەسەم قىلماق ئەتىسى.



# سەھرايىم

رەڭۋازلىق يوق، ساختا يوق، ھەشەمەت يوق سەھرايىم،
كۆزگە سىغماس غەيرىي تۇس - ئالامەت يوق سەھرايىم.

مېھماندوست سەن ئەزەلدىن، دەرۋازاڭدا تاقاق يوق،
مېھمان كەلسە تەشۋىشلىك قىياپەت يوق سەھرايىم.

گويا جەننەت باغلىرىڭ، زەپمۇ سۈزۈك ئاسمىنىڭ،
سېسىق بۇس ۋە گاز - تۇتەك، كىر - مەينەت يوق سەھرايىم.

سەندە ھەركىم ئەجرىدىن، چاقار ئۆزلۈك قەنتىنى،
ھېچ تالاشماس كاتتىلىق، ئاداۋەت يوق سەھرايىم.

گۈزەللىكىڭ پارلايدۇ، گۈلزارىڭدىن - رەڭگىڭدىن،
قىز - يىگىتىڭ ئاندىن پاك، زىنھار سەت يوق سەھرايىم.

رېستوران يوق لېكىننزە، كۆڭۈلڭ ئۆتمەس مەشرەپسىز،
ئەسەبىي جاز، ۋاڭ - چۇڭ يوق، مالامەت يوق سەھرايىم.

ئىسراپخورلۇق يات سەندە، ئۇۋاق نانىڭ قەدرى بار،
دېھقان كۆڭلى ئەجەب تۈز، ھاماقەت يوق سەھرايىم.

شەھەرلىك دوست كەمسىتمە، سەھرالىقنى - دېھقاننى،
مائاش، ئۇنۋان دەۋاسى، شىكايەت يوق سەھرايىم.

# تاياقچى ئەرگە

بىر مەزمۇندا شېئىر يازدىم، دەپ قالماڭكى «ئەرزىمەس»،
بىر ئىش سەۋەب بولمىسا ھەرگىز قەلەم تەۋرىمەس،
بىر تەمسىل بار بۇرۇندىن «تەپكەك ئېشەك سەمرىمەس»،
دەيمەنكى بۇ نەزمەمدە خوتۇن ئۇرغان ئەر ئەمەس.

بوكسچىغا مەيدان كەڭدۇر، كۈچ كۆرسەتمە ئايالغا،
بوزەك قىلساڭ ئاجىزنى سەن تەڭ ئوت - خەس، سامانغا،
تاياق - تېپىك خاس ئەسلى قاشاڭ - ھۇرۇن ھايۋانغا،
دەيمەنكى بۇ نەزمەمدە خوتۇن ئۇرغان ئەر ئەمەس.

ئايال ئۆينىڭ چىرىغى، ئۇنىڭسىز ئۆي قاراڭغۇ،
بويتاقلارنىڭ كۈنى تەس، شۇڭا رەڭگى ياداڭغۇ،
بىلەمسەنكى ئەي تەلۋە، ئاناڭمۇ بىر ئايالغۇ،
دەيمەنكى بۇ نەزمەمدە خوتۇن ئۇرغان ئەر ئەمەس.

# ئاجايىپ!

قىسمەنلەر بار قاتاردا تۇرۇشلىرى ئاجايىپ،
بەلكى ئۆزى سېزەلمەس يۇرۇشلىرى ئاجايىپ.

قولى هامان كۆكسىدە، پات - پات چوڭغا پايپېتەك،
چاپانچىلىق هۇنەرگە كۆنۈشلىرى ئاجايىپ.

كاتتىلارنى باشلايدۇ مەخسۇس ئايرىمخانىغا،
زاپاس يىغىپ قىز - چوكان كۈتۈشلىرى ئاجايىپ.

تونۇر كاۋاپ، زىخ كاۋاپ، پېتىر مانتا - ئاشقىچە،
بىكار كەلگەن پاقلاننى سويۇشلىرى ئاجايىپ.

ئەمەل تاپتى هەر هالدا «هوسۇل» چىقتى «خوش - خوش» تىن،
بۇ شەرەپكە تەنتەنە قىلىشلىرى ئاجايىپ.

ئەمدىكى گەپ چوڭراقتا (بۇ ئەمىلى سەل تۆۋەن)،
يەنە ئۆسۈپ چۇشەكەپ جۆيلۈشلىرى ئاجايىپ.

بەزەن «خىزمەت تەكشۈرۈپ » تۆۋەنلەرگە بارغاندا،
تەقى - تۇرقى تەكەببۇر، قېتىشلىرى ئاجايىپ.

چوڭنى كۆرسە ئېگىلىپ، ئېغىز يۇمماي ھىجىيىپ،
پۇقرالارغا قاپاقنى تۈرۈشلىرى ئاجايىپ.

«باشلىق كەلدى بىزگە» دەپ ھازىرلانسا زىياپەت،
تۆردە مەغرۇر گىدىيىپ كۈلۈشلىرى ئاجايىپ.

تەييار «ئات»نىڭ بارىدا ئويمان مىڭىپ، دۆڭ چىقىپ،
مەنسەپ - ھوقۇق پەيزىنى سۈرۈشلىرى ئاجايىپ.

ھەر يىغىندا سۆزلەيدۇ «پاكلىق ماڭا ھەمراھ» دەپ،
لېكىن نەدە نەپ بولسا ئۈنۈشلىرى ئاجايىپ.

ئەكەل دېسە تۇماقنى باشنى كېسىپ مىسالى،
تارتۇق قىلىپ پەتنۇستا سۇنۇشلىرى ئاجايىپ.

مۇكاپاتتا - شەرەپتە ھامان سەپنىڭ ئالدىدا،
خىزمەت مۇشكۈل چاغلىرى مۆكۈشلىرى ئاجايىپ.

ياق، ياق دەيدۇ ئېغىزى، ئەمما قولى ھەرىكەتتە،
ھاجەتمەندىن سوۋغاتنى ئېلىشلىرى ئاجايىپ.

دائىم مېھمان باھانە، ئۈچ ۋاق تاماق ئومۇمدىن،
رېستوراندا كېرىلىپ تويۇشلىرى ئاجايىپ.

كۇرس ئاچتى پارتىيە، دىيانەتنى تەكىتلەپ،
«ئۈچكە ۋەكىل» بول دېسە قىلمىشلىرى ئاجايىپ.

توغرا يولدىن چەتنىدى، توسماق بىزگە ۋاجىپتۇر،
غۇلاپ ھاڭغا چۈشمىگەي مېڭىشلىرى ئاجايىپ.

# نارازى

ئاتا ـ ئاناڭ ئەي ئوغۇل قىلمىشىڭدىن نارازى،
چېچىلاڭغۇ ـ قولاشماس تۇرمۇشۇڭدىن نارازى.

هالال مېهنەت تەر تۆكۈش، ئىشلەش ـ تېجەش يات ساڭا،
ئىگىلىمەي پەن ـ بىلىم ئوينىشىڭدىن نارازى.

شەربەت تېمىپ پىشقاندا باغدا ئەنجۈر ـ مېۋىلەر،
ئەجىر قىلماي تەييارغا بويلىشىڭدىن نارازى.

ئۈجمە كۆڭۈل ـ شاللاقلىق ساڭا هەردەم هەمراهكەن،
سەككىز قىزغا كۆيدۈم دەپ گوللىشىڭدىن نارازى.

«بىر موچەننىڭ تايىنى يوق» مۇهەببەتكە مەستانە ـ
بولۇپ كۈن ـ تۈن چۈش كۆرۈپ جۆيلۈشۈڭدىن نارازى.

بىكار لەيلەپ يول تاپماي سېلىق سېلىپ داداڭغا،
ئىككى يىلدا تۆت قېتىم تويلىشىڭدىن نارازى.

نەدە ئىشرەت، نەدە توي، قوغلاپ ئويناپ «چاچاۋۇ»،
شاش تەخەيدەك ساغراڭنى تولغىشىڭدىن نارازى.

سەن ئىچمىگەن ئاق، قىزىل، تاتلىق ـ ئاچچىق قالمىدى،
ئەمدى ئىسنى دەم تارتىپ شورىشىڭدىن نارازى.

شەرم ـ هايا، ئەخلاقنى چۆرۈۋەتتىڭ قاياققا،
غەيرىي كىيىپ، گەدەن چاچ بولۇشۇڭدىن نارازى.

چوشكونلۇكنى تاللاپسەن هايات پەيزى ئاشۇ دەپ،
كەيپ ـ ساپا، چىرىكلىك قوغلىشىڭدىن نارازى.

گاهى بولدۇڭ «ئۇسسۇلچى»، گاهى «مودا ناخشىچى»،
بوزۇپ لەرزان ناخشىنى هاڭرىشىڭدىن نارازى.

تەكرار قىلسا قىلدىڭ رەت، ئەل ـ دوستلۇرۇڭ تەربىيەت،
قايىل بولماي توغرىغا قايىنىشىڭدىن نارازى.

گۇل ـ گىلەمگە بىر پاسىق نىجاسەتنى يايغاندەك،
بوگۇنكى ساپ مۇهىتنى بۇلغىشىڭدىن نارازى.

# ھۆرۈنلۇق

يەر تارتىدۇ يېنىڭنى، كۆزۈڭ ھامان يۇمۇقلۇق،
ئېمانچىلا بوشاڭسەن ئۆزۈڭ ياپياش تۇرۇقلۇق،
بۇغداي تەرسەك چىقمايدۇ نىچۇن چاچقان ئۇرۇقلۇق،
ھېچ بىلمىدىم بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ھۇرۇنلۇق.

كۈندىن - كۈنگە شورلاشتى سەن باشقۇرغان قوغۇنلۇق،
يانپاشلاشقا قىر - قاشلار ساڭا كارىۋات - ئورۇندۇق،
باي بولارسەن قانداقچە ھالىڭ شۇنداق تۇرۇقلۇق،
ھېچ بىلمىدىم بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ھۇرۇنلۇق.

ئىشتىھايىڭ تارتىدۇ پېتىر مانتا، كاۋاپنى،
مەست بولغۇچە ئىچكىڭ بار قىممەت ئېسىل ھاراقنى.
كۆردۈم ئىككى پۇلى يوق بەزگە ئەجەب ئامراقنى،
ھېچ بىلمىدىم بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ھۇرۇنلۇق.

يازدا سايە، قىش كۈنى ئاپتاپ بولسا دولاڭغا،
ئىش قىلمىساڭ نازۇنېمەت كەپ تۇرسا جوزاڭغا،
قورداق بىلەن يىل بويى تۇتۇش قىلساڭ خوشاڭغا،
ھېچ بىلمىدىم بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ھۇرۇنلۇق.

قاپسەن تېخى ساۋاتسىز يازغۇڭ كەلمەي ھەرپنى،
ئادەت قىپسەن ئۆمرۈڭدە «بېرىش» يوقلا «ئېلىپنى»،

دەيسەن دائىم قوتقۇزسا كەنتىم مەندەك غېرىبنى،
ھېچ بىلمىدىم بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ھورۇنلۇق.

ئەجدادلارمۇ ئەمگەكتىن تاپقان شەرەپ ـ ئۇلۇغلۇق،
ئىشچان بولسا كىمىكى ئۇنىڭ ئىشى ئوتۇقلۇق،
جەڭ ـ رىقابەت دەۋرى بۇ، تىرىشقىنىڭ ئورۇنلۇق،
ھېچ بىلمىدىم بۇ ساڭا نەدىن كەلگەن ھورۇنلۇق.



# بۇ ئۆيدە

كۆردۈم گۈڭگا بىر ئۆينى پەنەر يوقكەن بۇ ئۆيدە،
مەدەنىيەت ـ ئەخلاقتىن ئەسەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.
ئىلىم ـ پەن، تېخنىكىدىن خەۋەر يوقكەن بۇ ئۆيدە،
جاھان نەدە، بىز نەدە سېزەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.

كىتاب ـ گېزىت نە بولسۇن يوقتۇر، قەغەز پارچىسى،
بىكار بولسا ھېسابكەن ئۈچ ۋاخ تاماق قاچىسى،
ئىنى ـ سىڭلى ساۋاتسىز، ھازازۇلكەن ئاچىسى،
ئۆزگە ئۇخلاش، يېمەكتىن ھۈنەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.

دادىسىغا بالىسى، بالىسىغا يەڭگىسى،
بىر ـ بىرىگە ئۆچ ئىكەن، بويۇن تولغار ھەممىسى،
ئەجەب تەسكەن بىلمەككە زادى قايسى ئەسكىسى،
خۇشال ـ خۇرام، ئازادە يۈرەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.

سىلكىش، سەتلەش، ھۈرپىيىش، جېدەل ـ ماجىرا، چاتاقسىز،
ئەپسانە تىل ـ ھاقارەت، تىللاش، چوقۇلاش، ئاتاقسىز،
ئۆتمەيدىكەن بىر كۈنى غەيۋەت، پىتنە ـ پاساتسىز،
ساۋاق ـ ئىبرەت ياماندىن ھەزەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.

ئامراق ئىكەن ھەممىسى تەييار تاماق يېمەككە،
ئىش ـ پىش دېسە چوڭ ـ كىچىك كەلمەيدىكەن كېرەككە،

يوقلۇق دەردى يامان دەرد، چىرمىشىپتۇ بۇ دەردكە،
ئىش ـ ئەمگەكتە تىرىشچان چېۋەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.

كەسكىنلەشتى رىقابەت، چۇنكى، ئۇچۇر دەۋرى بۇ،
بېشىڭ سىلكىپ ئويغانساڭ ئىمكانىيەت كەڭرىغۇ،
بولسا جۇرئەت ـ شىجائەت كار قىلمايدۇ جەبرىمۇ،
ئېگىز تۇرۇپ يىراقنى كۆرەر يوقكەن بۇ ئۆيدە.

## بازاردۇر

ئەسلىدىنلا ئىنساننى ياشناتقىنى بازاردۇر،
نى ـ نى بوينى قاتتىقنى يۇمشاتقىنى بازاردۇر،
باشقا كۈنلەر كەلگەندە ئەسقاتقىنى بازاردۇر،
تارازىنى تەڭشەكتە توختاتقىنى بازاردۇر،
ئۇخلىغاننى غەپلەتتىن ئويغاتقىنى بازاردۇر.

«ئانام بازار ھەم دادام بازار» دېگەن كونىلار،
كىم ئايرىلسا بازاردىن ھەر مۇقامغا يورغىلار،
سەپنى ھەر كىم بەربىر شۇ بازارغا توغرىلار،
كۆن ئالالماس بازاردا پۇرسەتپەرەس ئوغرىلار،
نامراتلىقنى رەستىدىن يوقاتقىنى بازاردۇر.

بازار دېگەن چوڭ دېڭىز، قاشقا چىقار ئۆزگىنى،
لەھەڭلەرگە يەم بولار ئۇندا لەيلەپ يۈرگىنى،
ئۇتۇق تاپار ھەر ئىشتا جۇرئەت ئېتى مىنگىنى،
گاھى پايدا، گاھ زىيان ھەممىسىگە كۆنگىنى،
ئىش خۇشياقماس لۆم ـ لۆمنى قاقشاتقىنى بازاردۇر.

كۆرۈك بۇگۇن بازارلار كەتتى ئەجەب جانلىنىپ،
چۇشتى مەردلەر مەيدانغا بەيگىلەردە تاللىنىپ،
سەپتىن قالدى جان باقار ئاق نانچىلار شاللىنىپ،
بازار دېگەن رەھىمسىز قالارسىز گاھ زارلىنىپ،
ئەل دىلىغا ئەسلىدىن ئورناشقىنى بازاردۇر.

خۇددى «ئېچىل داستىخان»، ئۇندا ھەممە تەق بولدى،
قۇدرىتىگە بازارنىڭ كىم بولمىسۇن تەن بولدى،
تىرىشچانلار - ئىشچانلار بۇ مەيدانغا جەم بولدى،
مۇندىن يىراق قاچقاننىڭ ھال - ئوقىتى كەم بولدى،
مىسلى جەننەت ھۆسنىنى ياراتقىنى بازاردۇر.

ئورناتمىساڭ ھالاكسەن ئەمدى بازار ئېگىنى،
قازار ئۇندىن زەر - گۆھەر كىم ئىشلەتسە مېڭىنى،
ئۇ تاللايدۇ سەردارنى، ئەلدە ئۆرنەك - خىلىنى،
ياخشى كۆرمەس ساختىلىق، كاززاپلىقنى - ھىيلىنى،
قىلىپ پايخان مىكىرنى، يىغلاتقىنى بازاردۇر.



# ئۇستىرام

(بىر ساتىراش تىلىدىن)

«ئىشتىن قالدىم» دېمەك يوق، ھامان ئىشتا ئۇستىرام،
كۆر ھەمىشە ئالدىراش، يازۇ قىشتا ئۇستىرام.

ئىش ئىزدىمەس يالۋۇرۇپ، پەتنۇس ـ تەخسە كۆتۈرۈپ،
ئۆز ئەمگىكى كاپالەت، جان بېقىشتا ئۇستىرام.

چوڭنى ئەسلى تاپالماي، كىچىك ئىشنى ياراتماي،
يۈرگەنلەرگە ئۆرنەكتۇر جىمى يۇرتتا ئۇستىرام.

ئىشچانلىقتا يات ھالدا، يەپ سالسا گەر تەييار نان،
ئۆتەر ئۇ چاغ كۈن ـ تۈنى خىجىللىقتا ئۇستىرام.

تەييارغا قول سۇنغاننىڭ «تىركتاپ» دەپ نامى بار،
يىراق يۇردى سەت نامدىن، بۇ تۇرمۇشتا ئۇستىرام.

# ھاكىم بولساڭ شوندىاق بول

ھاكىم بولۇپ سايلاندىڭ ئەل ـ ئاۋامغا ئامراق بول،
چاپانسىزغا ئىسسىق تون، قاناتسىزغا قونداق بول،
ئەل خۇشلۇقى قايغۇسى ھەممىسىدە ئورتاق بول،
جۇت ـ شىۋىرغان، بورانلار سوندۇرالماس توغراق بول،
ئەل ئۈمىدى چىن ساڭا ھاكىم بولساڭ شوندىاق بول.

يۇرت ئارزۇسى قەلبىڭدە بوپ قالمىسۇن بىردەملىك،
رايىمىزغا ياقمايدۇ مۇغەمبەرلىك ـ ئۆكتەملىك،
دەۋرىم ئالتۇن تارازا شاللىنىدۇ مەنمەنلىك،
ساڭا چوقۇم يار بولغاي ئىسىل خىسلەت ـ كەمتەرلىك،
ئەل ئۈمىدى چىن ساڭا ھاكىم بولساڭ شوندىاق بول.

كەلسەڭ ئاۋام ئالدىغا قويۇپ كەلگىن «مەپەڭ»نى،
تىكلە ئىتىز بېشىغا قونالغۇڭنى ـ كەپەڭنى،
دېھقان بىلەن بىللە بول، بىللە چاپقىن كەتمەننى،
غىل ـ پال بىرىپ، غىپ كېتىپ دەردتە قويما دەردمەننى،
ئەل ئۈمىدى چىن ساڭا ھاكىم بولساڭ شوندىاق بول.

ئېغىر يۈكنى ئارتىشقا تەييارلىغىن يەلكەڭنى،
جېنىدىن جاق تويغۇزما دەرد ـ ھال ئېيتىپ كەلگەننى،
چاقچا تۇتقىن گال بولسا مەگەر پىچاق ـ كەكەڭنى،
مۇبادا ئىز قالدۇرساڭ، ئۇنتۇماسمىز تۆھپەڭنى،
ئەل ئۈمىدى چىن ساڭا ھاكىم بولساڭ شوندىاق بول.

دۇرۇس يولدىن ئازماي ماڭ، پاكىز تۇتقىن گېلىڭنى،
تەنگە سىڭەر يېگەندە هالال رىزقى ـ نېنىڭنى.
نامرات بولسۇن يادىڭدا، چىڭقاپ كەتمە يېنىڭنى،
چىرىكلىككە ئوت ئاچقىن، باغلا مەھكەم بېلىڭنى،
ئەل ئۈمىدى چىن ساڭا، هاكىم بولساڭ شۇنداق بول.

پارتىيەمىز تەكىتلەپ: «ئۈچكە ۋەكىل بول» دېدى،
چوڭقۇر چۆككىن تۆۋەنگە بولغىن قولغا ـ قول دېدى،
قۇرۇش هالىلىق جەمئىيەت بىز كۆزلىگەن يول دېدى،
داغدام يولدىن كاج كەتمە، مەھكەم تۇتقىن رول دېدى،
ئەل ئۈمىدى چىن ساڭا، هاكىم بولساڭ شۇنداق بول.

# ئايرىلدۇق

پادا باققاندىكى دوستلار، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق،
خۇشامەت كەسپىدىن سەن دوست، ئەمەل تاپقاندا ئايرىلدۇق.

تەكەببۇر بىخى سەندە ئۆسۈپتۇ شۇنچە ئەيىۇ ھەنناس!
گىپىستەك خۇددى بوي - بەستىڭ ئەجەب قاتقاندا ئايرىلدۇق.

ئەمەلدىن نەپسى چوڭ كەلگەن ئاشۇ پەيتلەردە دوست ــ نەپكەن،
سوۋغاتسىز ئىشنى ھەل قىلماي، نىيەت بۇزغاندا ئايرىلدۇق.

ئىشەكمۇ مىنگىلى بىر چاغ تاپالماي يۈرگىنىڭ ئەستە،
بۇگۈن پىكاپنى مەنسىتمەي تىخى چانغاندا ئايرىلدۇق.

ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچ ئىنسان كۆرۈنمەي قالدى بىر مەزگىل،
«جاھاندا مەنچە چوڭ يوق» دەپ سۇرەن سالغاندا ئايرىلدۇق.

ۋەتەن دەپ، ئەلنى دەپ خىزمەت قىلىشقا ئەھدى قىلدىڭ يۇ،
ئەمەلدە تۈز - دۇرۇس يولدىن قېيىپ ئازغاندا ئايرىلدۇق.

ئىشەنچنى باغلىسا نامرات، بىراق ئۆزۈڭنى باي قىلدىڭ،
ئۈمىدتە تەلمۈرۈپ ئەلنىڭ كۆزى تالغاندا ئايرىلدۇق.

مۇشەققەت تەرىنى تۆكمەس مۇغەمبەر ئوۋچىغا ئۆچ بىز،
ئومۇمنىڭ خەجىنى يالماپ قورساق باققاندا ئايرىلدۇق.

خېمىردەك يۇمشىدىڭ ئۆتتۇڭ سىناق مەزگىلى ـ سايلامدىن،
ئۆتۇپلا ياخشىغا، دوستقا تۇزاق قويغاندا ئايرىلدۇق.

ئەجەبمۇ ئۆزگىرىپ كەتتىڭ، ۋاپانىڭ چېھرىگە تەپتىڭ،
بۇرۇنقى سەپدىشىم سەنمۇ، قاراپ ھەيراندا ئايرىلدۇق.

ئەمەلنى دوست دېدىڭ مەڭگۈ، شۇڭا ھېچكىم كېرەك بولماي،
«ھوقۇق» دەپ يالۋۇرۇپ، جۆيلۇپ، چۇشەپ ياتقاندا ئايرىلدۇق.

قولۇڭدىن نەچچە رەت تارتساق، ئالايدىڭ شۇنچە رەت رەنجىپ،
چىرىكلىك پاتقىقى بويلاپ تامام پاتقاندا ئايرىلدۇق.



# قانداق گەپ بۇ؟

ئېپ تاشلىدۇق كونىدە هاراق ئىزدەيدىغاننى،
سايلاپ چىقتۇق بۇ دورەم بىز ئىچمەيدىغاننى.

كەنت باشلىقى تاپتۇق خىللاپ مىڭنىڭ ئىچىدىن،
هەق ـ ئادالەت مەيدانىدا سۆزلەيدىغاننى.

نەزەر سالدۇق خىزمىتىگە يېڭى باشلىقنىڭ،
هەر هالدا ئۇ ساق ئۆتكۈزدى بىر ـ ئىككى ئاينى.

تاپتۇق دېسەك دىيانەتلىك باشلامچى كادىر،
باشلىقۋەتتى ئۇمۇ ئەمدى تۇگىمەس چاينى.

باشلىق بولسا زادى ئىچىش مۇھىم شەرتمىكىن،
«ياشا ـ ئىچ» دەپ ئاتقۇزۇۋەتتى ئۇخلىماي تاڭنى.

يەپ ـ ئىچىشتە ئاۋۋالقىدىن بوش كەلمەي تۇرۇپ،
كەيپلىكتە باي قىلىمەن دەيدۇ دېھقاننى.

نەدە قالدى كۆرۈك ئەمدى دېھقان ئۈمىدى،
چۆرىسىگە يىغدى «خوش» دەپ رومكا سۇنغاننى.

باش سايلىساق زابوي بولۇپ كېتەركەن قالتىس،
قانداق گەپ بۇ، ئىچمەيدىغان ھەتتا ئىمامنى!

# بىر قاسساپقا

يالغان سۆز قىلىپ، سايرىدىڭ قاسساپ،
ئۆتمەس مىلىگنى داڭلىدىڭ قاسساپ.
قايناق بازارنى پۇرسەت دەپ بىلىپ،
ساختىلىق بىرلە سەمرىدىڭ قاسساپ.

چاقىردىڭ مېنى ئۇندەپ مىلىگغا،
قوي گۆشى بەر، دەپ باردىم قېشىڭغا.
ئىللا ـ بىللادىن ـ قەسەمدىن چۇشۇپ،
ئۆچكە گۆشىنى تەڭلىدىڭ قاسساپ.

سېمىززەك قوينى كانارغا ئېسىپ،
داڭگىر ئۆچكىنى پارچىلاپ قىلىپ.
گۆشنى ھەممىشە پاقلان دەپ سېتىپ،
زادى ئىنسابقا كەلمىدىڭ قاسساپ.

تۆگىنى سويۇپ دېدىڭ «بۇ كالا»
قويمىدىڭ ئالداپ ھېچكىمنى چالا.
ساختىلىققا ئوت تۇتاشتى ئەمدى،
كاللاڭ گاراڭمۇ سەزمىدىڭ قاسساپ.

زىيان تارتتىم دەپ ھەممىشە ۋايساپ،
خېرىدارىڭنى ھەر قىلىم ئالداپ.
ياغاچ قازاندا ئۇماچ قاينىتىپ،
ئاسان بېيىشنى پەملىدىڭ قاسساپ.

پەيلىڭ ئەسلىتەر مەككار تۈلكىنى،
هارام نەپ تۇتار گالدىن بىر كۈنى.
ھىيلە ـ مىكىردىن ئوق ياساپ كۈندە،
ئىستېمالچىنى چەنلىدىڭ قاسساپ.

ئورۇق ئۆچكەڭنىڭ گۆشلىرى سازاڭ،
لىللا بولسىچۇ، كاشكى تارازاڭ.
ئۇياتماي ئەركەك قوي چۇشەسىنى،
ساغلىق ئۆچكىگە يەملىدىڭ قاسساپ!

# ئۆزگەردى

بۈگۈن چىقسام ئارامغا، كۆپ ئاداشلار ئۆزگەردى،
كۆرۈپ سالدى كۆرمەسكە، خۇش چىرايلار ئۆزگەردى.

غايىب بولدى چۆرەمدىن نى - نى «سادىق»، «يېقىن» لار،
چوڭقۇر تەزىم هال سوراش، ئەسسالاملار ئۆزگەردى.

«سىلى باشلىق بۇ دەمدە، مەيلى پۇقرا بولسىلا -
بەرىبىر بىز دوست» دېگەن مەمەدانلار ئۆزگەردى.

هەپتە بۇرۇن كېپ ئۆيگە، كەچلىكىمگە رەت ساقلاپ،
قايناپ كەتكەن سورۇنلار، داپ - دۇتارلار ئۆزگەردى.

تۆرگە باشلاپ هۆرمەتلەپ قەدەھ سۇنغان تەخسىچى،
زورلاپ تارتقان تانسىكەش، گۈل - جانانلار ئۆزگەردى.

يامانلايتتىم نېمە دەپ ناتونۇشتىن - خەقلەردىن،
چىن كۆڭلۈمدىن ئىشەنگەن قەدىردانلار ئۆزگەردى.

ئىداردە قول باغلاپ لەببەي دېگەن مۆمىنلەر،
تۆت كۈن بولماي تولۇق تەگدى، شۇ ياۋاشلار ئۆزگەردى.

ئۆز ۋاقتىدا مەن بىلمەس يېنىمدا يوق ئاقىللار،
دوستتۇر ماڭا بۇ دەمدە، دۆت ـ نادانلار ئۆزگەردى.

ۋاقتىم كەتتى ۋاھ ئەجەب؟! ئىبرەت بولغاي كېيىنگە،
قىسمەنلەرگە مەندىكى ئوي ـ قاراشلار ئۆزگەردى.



# سازەندە

شەرەپلىك شۇ كەسپىڭنى خار قىلمىغىن سازەندە،
قەدرىڭ بىلمەس ناكەسكە ساز چالمىغىن سازەندە.

تەكلىپ قىلسا مەستلىكتە نادان بايلار، كاتتىلار،
ئەرزانلىشىپ تون تەگدە قاترىمىغىن سازەندە.

ئېپ كېلەردە ئەزىزلەپ ئەۋەتمىدۇ سانتانا،
قايتاشىڭدۇر پىيادە، بىلىپ قالغىن سازەندە.

مەست خالايدۇ پاراڭنى، دۇتارىڭغا خوشى يوق،
ئاۋازىڭنى زەر بىلگىن، ۋارقىرىمىغىن سازەندە.

كوي - مۇزىكا بىر پەندۇر، كېرەك قىلماس نادانلار،
گۆھەر تاشنى تاياققا چاپلىمىغىن سازەندە.

بۇ ئاخشامدا چالدۇرۇپ تونۇمايدۇ ئەتىسى،
دوست بولدۇق، دەپ خىيالنى خام قىلمىغىن سازەندە.

بەھرە ئېلىش مۇڭ - كويدىن باغلىق ئىشتۇر ساپاغا،
قىزىلگۈلنى تېزەككە سانجىمىغىن سازەندە.

مۇزىكىنىڭ قەدرىنى چىن كۆڭلىدىن بىلگەننى -
تاپساڭ ئەگەر هارماي چال، ناز قىلمىغىن سازەندە.

# نىسچىلىك

ئىنسان ئۈچۈن زىننەت ئەمگەك ـ تىرىكچىلىك،
بىكارچىنىڭ قىممىتى يوق زىغىرچىلىك.
شۇڭا تاللاپ قىلدىم سودا ـ سېتىقچىلىق،
ھېچكىم قىلماس كۆپ تىجارەت مېنىڭچىلىك.
ھېچ ئىشىمنى ئوڭ قىلمىدى نىسچىلىك.

دەسلىپىدە بەرمىدىم مال نىسى دېسە،
مەيلى تۇغقان ھەر قانداق بىر كىشى دېسە.
«ئۇنداق قىلما ئۈچ ـ تۆت كۈننىڭ ئىشى» دېسە،
تېرىكمىدىم سودىدا سەن «گىرى» دېسە.
ھېچ ئىشىمنى ئوڭ قىلمىدى نىسچىلىك.

ئاي ئۆتكەندە ئىزدەپ بېرىپ نىسىرىمنى،
يىغماقتا يوق راسا يېدىم ئەدىپىمنى.
يالۋۇرغانلار يەرگە ئۇردى تەلىپىمنى،
ئۆزۈم بىلدىم خەقتىن يېگەن ئەلمىمنى.
ۋەيران قىلدى مېنى ئاخىر نىسچىلىك.

# سان ـ ساناق

بەشنى ئون بەش، ئوننى يۈز، دەيدۇ يالغان سان ـ ساناق،
يۇقىرى هەم تۆۋەنگە نوختا سالغان سان ـ ساناق.

مەركەز كۆندە تەكىتلەپ «هەقنى يوللا ـ ياز» دېسە،
پۈتەر مىڭلاپ يالغاننى ئۆيالىغان سان ـ ساناق.

چىقارغاچقا تەسەۋۋۇر ئوي ـ خىيالدىن بەزىلەر،
ئەمەلىيەتكە شۇڭا ماس، كەلمەيدىغان سان ـ ساناق.

رەقەم دېگەن هەمىشە مېڭىپ كەتمەس ئالدىغا،
بىرەر قېتىم كەينىگە يانمايدىغان سان ـ ساناق.

كەلگۈن كېلىپ سۇپۇرۇپ ئېپ قاچسىمۇ بۇغدايىنى،
«يەنە بۇ يىل ئاشتى» دەپ يوللايدىغان سان ـ ساناق.

يالغانچىلىق، ساختىلىق سۇنئىي ئاپەت يۇرت ئۇچۇن،
بۇ ئاپەتتە قىلمىغىن ئەلنى ۋەيران سان ـ ساناق.

ئەمەلىيەتچىل، راستچىللىق تەكىتلەندى پاھ بۇگۈن،
تولدى ئەمدى پەيمانىڭ هالىڭ يامان سان ـ ساناق.

# ماختىما

ئەي قەلەمكەش ھەقنى يازغىن ساختىلارنى ماختىما،
تەربىيلەشكە خاستۇر ئاۋام، كاتتىلارنى ماختىما.

كۆزۈڭ ئوچۇق بولسىمۇ گەر كۆرمەمدىكىن ياخشىنى،
نەۋ باھارنىڭ پەيزى تۇرسا، قىشنى - قارنى ماختىما.

چۈشسە ئاپتاپ سۇر ئىشەكنىڭ رەزگى مەينەت كۆتىگە،
قوللىرىڭنى شۇئان قاقلاپ بۇ «دۇكان» نى ماختىما.

جاراڭلىسۇن مەدھىيەلەر ۋەتەن، مىللەت، ئەلنى دەپ،
داۋام تارتقان ئۆزىگە چوغ، نەپسى ھاڭنى ماختىما.

تۇرسا ياندا تەڭدىشى يوق بىزنى باققان مەرد دېھقان،
نەپ ئىلىشتا داڭ چىقارغان «تۆھپىكار»نى ماختىما.

قەلەمكەشتىن زور ئۈمىدلەر كۈتكەنلەرنىڭ ئەكسىچە،
چەتكە تاشلاپ مەردانىنى، قۇۋ - مەككارنى ماختىما.

# بىر ئەخلاقسىزغا

يانفون ئاستىڭ غايىبتىن، ئەجەب گوللاپ ئۈيۈڭنى،
ئالتە شەگە «ۋەي ـ ۋەي» دەپ ئايدا ئالداپ كۈرمىڭنى .
ئەسلەرسەنمۇ كۆڭلۈڭدە ھەردەم قىڭغىر ماڭغاندا،
ئىللىق ئائىلە ـ پەرزەنتىڭ، تاغدەك ئاكاڭ ـ ئىنىڭنى .

يېگەن ئېشىڭ نىجاسەت، كىيگەنلىرىڭ توقۇمدۇر،
كۈندە مودا يۈرسەڭمۇ چۈنكى ساتتىڭ تېنىڭنى.
تېلېفونىڭ پىچىرلاپ، قايان ماڭدىڭ دىكىلداپ،
ھەر كىم بىلمەي قالارمۇ، يوشۇرساڭمۇ سىرىڭنى.

ئىپپەتلىك قىز ئىپارخان، نۇزۇگۇملار ئاھ ئۇرۇپ،
قورۇنمامدۇ ئەپتىڭدىن كۆرسە مەينەت جىسمىڭنى.
يامان يولدىن يان سىڭلىم تۆكمە ئەجداد يۈزىنى،
شۇنداق نىجىس پۇل ئۈچۈن خەس قىلمىغىن قەدرىڭنى !

# ئاغرىنىپ

يۇرگەنلەرنى كۆپ كۆردۇم بىر ـ بىرىدىن ئاغرىنىپ،
رەنجىشىدۇ ئۆزئارا گەپلىرىدىن ئاغرىنىپ.

تەكىتلەنسە ئىناقلىق، نېمە تەگمەي غىژىلداش،
«خەق جىق ئالدى، مەنچۇ» دەپ نەپلىرىدىن ئاغرىنىپ.

قوش كۆرۈنۈپ قوشنامنىڭ، كۆز قىزارتار ئەتراپقا،
بەزىبىرلەر ئۆز كەسپى ـ ئىشلىرىدىن ئاغرىنىپ.

ئۆز كۆڭلىنى خۇش تۇتماي، يىغلاپ ئۆتەر كەچكىچە،
قىسمەن ئۆيدە ئاياللار، ئەرلىرىدىن ئاغرىنىپ.

غەيۋەت ئىزدەپ سوكۇلداپ، تىنماي مېڭىپ بەزىلەر،
تىللاپ كېتەر تېشىلسە، چەملىرىدىن ئاغرىنىپ.

نەپ ئالاردا ئالمان قۇش، ئىشلەك دېسە بەل ئاغرىق،
ئاسان ئىشقا يۇگۇرەر، تەسلىرىدىن ئاغرىنىپ.

كۆمۈر سالماي سوغۇقتا دىر ـ دىر تىترەر پىخسىقلار،
ئۆزىدىن كۆرمەس ئەيىبنى، مەشلىرىدىن ئاغرىنىپ.

ئىشقا كەلمەي ئىش ھەققى تۇتۇلغاندا قاقشايدۇ،
نۆۋەتچىنىڭ يوقلىما دەپتىرىدىن ئاغرىنىپ.

ئەجىر قىلماي بېغىغا، كوتۇلدايدۇ كۆز كەلسە،
ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇلى، ئەنجۈرىدىن ئاغرىنىپ.

ئوغۇت قويماي «ھوسۇل يوق» دەيدۇ ئەنە شۇنداقلار،
شۇنچە مۇنبەت ھەم سېخىي يەرلىرىدىن ئاغرىنىپ.

تووۋا، دەيمەن ئەجەبكەن چىدىماسلار خۇي پەيلى،
يۇرۇيدىكەن ھەم كۈندۈز، كەچلىرىدىن ئاغرىنىپ.

كىچىك ئىشنى ياراتماي، چوڭ ئىش كەلمەي قولىدىن،
كوتۇلداركەن كۈن بويى تەقدىرىدىن ئاغرىنىپ.

شۇنداقلارنى ئۇچراتتىم، ياشايدىكەن بىر ئۆمۈر،
جاھاندىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاغرىنىپ.



# يازغىنىم يازغان

تىللىدىڭ يازسام، تەڭلىدىڭ بازغان،
يولۇمنى توستى تىكەنلىك ئازغان،
راستىنى راست دەيمەن، يالغاننى يالغان،
يىگىت سانالماس يولىدىن يانغان،
تىللىساڭ تىللا، يازغىنىم يازغان.

يازدىم ساتىرا، ئىللەتنى سۆكتۇم،
يامرىغان پىتنە ـ غەيۋەتنى سۆكتۇم،
يامانلار قىلغان تۆھمەتنى سۆكتۇم،
ھەددىدىن ئاشقان ئىشرەتنى سۆكتۇم،
تىللىساڭ تىللا، يازغىنىم يازغان.

پاش قىلدىم ئاچ كۆز، پارىخورلۇقنى،
ئەلگە باقمىغان كۆزى كورلۇقنى،
كەسپىي سۇخەنچى پىتنىخورلۇقنى،
ئېغىزدا سادىق، ساختا دوستلۇقنى،
تىللىساڭ تىللا، يازغىنىم يازغان.

بىرسى ھارامدىن باي بولۇپ كۇلسە،
كەيپى ئىشرەتنىڭ پەيزىنى سۇرسە،
بىرسى دوختۇرغا پۇلى يوق ئۆلسە،
يازماي تۇرامدىم بۇ كۆزۇم كۆرسە،
تىللىساڭ تىللا، يازغىنىم يازغان.

خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىكنى،
ۋىجدان - غۇرۇرسىز كۆڭلى پەسلىكنى،
ناھەق ئىشقىمۇ سۆزلىمەسلىكنى،
خەتەرلىك كېسەل - پۇلپەرەسلىكنى،
تىللىساڭ تىللا، يازغىنىم يازغان.

تەنقىد قىلمىساق كۆپىيىپ ساختا،
كۆڭلى ياخشىغا سالۇركەن نوختا،
ساقلاپ بولامدۇ بىگىزنى قاپتا،
چوغنى يوشۇرساق كۆيمەمدۇ پاختا،
تىللىساڭ تىللا، يازغىنىم يازغان.



# ئەل بىزار

كۆتۈرسىمۇ ئېغىر يۈك، دۆت ئېشەكتىن ئەل بىزار،
تىك چىنارنى قەدىرلەر، يۆگىمەچتىن ئەل بىزار،
يارام خىشنى تاللايدۇ، خام كېسەكتىن ئەل بىزار،
تۈنەيدىغان قاۋاقتا مەست ـ ئەلەستىن ئەل بىزار،
بېلىق ئەتىۋار كۆلدىكى، سېسىق لەشتىن ئەل بىزار.

داستىخاننى مول قىلىپ، مېھمان قىلسا كاتتىنى،
ئىقتىدارلىق دېمەيلى، مىكرى تولا تۈلكىنى،
داۋراڭ سېلىپ بازاردا، ماي دەپ ساتسا ئۆپكىنى،
ئابرۇيىنى خەس قىلىپ خۇشامەتتە ئۆتكىنى،
چېنىپ قالۇر ھامانە، شۇ «چېۋەر» دىن ئەل بىزار.

ئادەت قىلغان شۇنداقلار ئاپتاپپەرەس كەسپىنى،
ئۇنتۇپ قالماس دەقىقە، ساختا نەيرەڭ ـ كۈلكىنى،
قىلىپ ئەلگە نامايان ئابرۇيپەرەس ئەپتىنى،
يەتمەك بولۇپ مۇرادقا كۈندە تەڭلەر تەخسىنى،
ئومۇرتقىسىز يۇمران بەل، تەخسىكەشتىن ئەل بىزار.

ھېچ ئىش كەلمەي قولىدىن پونى يوغان ئاتقاندىن،
رەڭۋازلىقنى يار تۇتۇپ، ئازراق پايدا تاپقاندىن،
ئەگرى يولنى خوپ كۆرۈپ دۇرۇس يولدىن قاچقاندىن،
يېرىم پۇڭلۇق نەپ بەرسە، ۋىجدانىنى ساتقاندىن،
دەل ئاشۇنداق بەتقىلىق، پۇلپەرەستىن ئەل بىزار.

# سازچىمەن

ئەل ـ ئاۋامغا جۇشقۇن روھ، ھۇزۇر بەرگەن سازچىمەن،
كۈيگە تەشنا دىللارغا زوق ئەيلىگەن سازچىمەن.

قاناتلىنىپ ئىلھامىم، خۇشاللىنىپ ھاياتىم،
ياشا ۋەتەن ـ خەلقىم دەپ كۈي كۈيلىگەن سازچىمەن.

ئۇرغۇپ قايناق ھېسلىرىم، تار ئويىنتىپ قوللىرىم،
باغلىرىغا ئۈملۈكنىڭ گۈللەر تەرگەن سازچىمەن.

ساز ـ ناخشىدۇر بىر مىراس ئۇلۇغ ئەجداد قالدۇرغان،
شۇ مىراسنى چىڭ ساقلاپ، داۋام ئەتكەن سازچىمەن.

سازنىڭ ئۇدار ـ رىتىمى مېنىڭ كۆلكەم ـ پەخرىمدۇر،
كەشپىياتنىڭ ئىشقىدا، چوغدەك كۆيگەن سازچىمەن.

بۇ دۇنيادا يوق دوستلار، كۈشەندىسىز ھېچ نەرسە،
شۇڭا دەيمەن ساز قورال، مەن بىر مەرگەن سازچىمەن.

سېھرىي كۈچى شوخ سازنىڭ قوزغايدىكەن ھەسەتمۇ،
شەپىسىنى شۇملۇقنىڭ بالدۇر سەزگەن سازچىمەن.

زەخمەكلىرىم گوياكى بولۇپ توقماق ـ بازغىنىم،
ئىپلاس نەيرەڭ ئۆتكە پەملەپ تەگكەن سازچىمەن.

غەيۋەت ـ پىتنە سۆزلەشتىن ساز چالماقنى ئەلا دەپ،
ئىت خۇيلۇقلار ئەكسىچە خۇشخۇي يۈرگەن سازچىمەن.

تىڭشىيالماي ـ چالالماي، ھەسەت قىلىپ يۈرگەنىنىڭ،
يۈرىكىگە سانجىلغان خۇددى «تىكەن» سازچىمەن.

بۇلۇڭدىكى سەتچىلىك، ناشايان ئىش ـ غەشلىكتىن،
ئاشكارا ساز ـ شوخ نەغمە ئەۋزەل دېگەن سازچىمەن.

ئاتا قىلدىم خەلقىمگە دېيەلەيمەن شادلىقنى،
شۇڭا ئەل ـ يۇرت قوينىغا سۈدەك سىڭگەن سازچىمەن.

ساز قەدرىنى بىلگەنگە، تىنماي سايرار مۇڭ تارىم،
ئىناقلىقنى ـ ئۆملۈكنى، كۈيلەپ كەلگەن سازچىمەن.

كىمگە نېسىپ بۇ ھۈنەر، قوللىرىدىن گۈل ئۈنەر،
قىسقا ھايات پەيزىنى شۇنداق سۈرگەن سازچىمەن.

سازنى دوستقا شوخ قىلىپ، غەم ـ قايغۇنى يوق قىلىپ،
ياشاپ مەزمۇت بىر ئۆمۈر، سەنئەت سۆيگەن سازچىمەن.



# ماختىنىپ

دوستلار شۇنداق ئۆتەمدۇق، داپ ـ ئۇسسۇلدىن ماختىنىپ،
نەدە قاۋاق ـ مەيخانا، شۇ ئورۇندىن ماختىنىپ.

خەقلەر بۇگۈن ئات سىلىپ، چىقسا ئايغا ـ مارسقا،
بىز يۈرەمدۇق ئەجدادتىن ــ ئەك بۇرۇندىن ماختىنىپ.

تۆت ـ بەشىمىز جەم بولساق، ئىچىملىكنىڭ گېپى جىق،
ئالچاڭشىدۇق ئاخشامقى مەست سورۇندىن ماختىنىپ.

چەۋەندازلار ياراتسا، ئالەمشۇمۇل تۆھپىنى،
بىز گىدەيدۇق «ئات چېپى»، «خەتنە توي»... دىن ماختىنىپ.

رېستوراندىن كەتمەيمىز، تۇگىمەس «چاي» كويىدا،
بەلەن ئۆرپ ـ ئادەت دەپ شۇ يوسۇندىن ماختىنىپ.

ئەيش ـ ئىشرەتلەر كەينىدىن قوغلاپ يۈرسە يىگىتلەر،
قىز ـ جۇۋانلار رەڭگارەڭ چاچ پاسوندىن ماختىنىپ.

ئىختىرادىن ـ ئىجادتىن يۈرۈيمىزمۇ يىراقلاپ،
تانسا، دىسكو قىزىغان كەچقۇرۇندىن ماختىنىپ.

ئەۋلاد ئۇچۇن تەر تۆكۈپ، باغ ياسايلى ئەمدى بەس!
مەستخۇش بولۇپ ئۆتمەيلى، بۇ ئويۇندىن ماختىنىپ.

# ئۈرۈمچىگە چاقچاق

سەندە ھايات دولقۇنلۇق، دەريا ئىكەن ئۈرۈمچى،
رىقابەتلىك بازارىڭ جەڭگاھ ئىكەن ئۈرۈمچى.

بۈگۈن كەلدىم ئارزۇلاپ، بىر كۆرەي دەپ سەھرادىن،
ئادەملىرىڭ بىلىمگە تەشنا ئىكەن ئۈرۈمچى.

تەرەققىيات شاھىتى بولۇپ كۆككە ئۆرلەپتۇ،
بىنالىرىڭ يۈلتۈزغا ئەسرا ئىكەن ئۈرۈمچى.

ياشانغانلار بەك تىمەن، يىگىتلىرىڭ مەردانە،
قىزلىرىڭ گۈل باغدىكى رەنا ئىكەن ئۈرۈمچى.

قەدەم ئالدىم «ئىتتىپاق»، «نۇرلۇق»، «دوستلۇق» يولۇڭدا،
ھەربىر كوچاڭ بىر مەزمۇن - مەنە ئىكەن ئۈرۈمچى.

ھەيران قالدىم ئايلىنىپ رەستە - بازار، دۇكاننى،
ئۇستىكارلار ھۈنەرگە ئاشنا ئىكەن ئۈرۈمچى.

«جام»، «ھەرەمباغ»، «ئۈزۈمزار»، «كۆكلەم»... ئارامگاھلىرىڭ،
سەھرادىكى مەن سۆيگەن سەينا ئىكەن ئۈرۈمچى.

ۋاھ! كارامەت مولچىلىق، مەمۇرچىلىق ئالدىمدا،
توخۇ سۈتىدىن باشقىسى پەيدا ئىكەن ئۈرۈمچى.

چوڭ بازارنىڭ شاۋقۇنلۇق دېڭىزىدا ئۈزگەنگە،
قوشلاپ ئامەت، قۇت ـ بەخت ھەمراھ ئىكەن ئۈرۈمچى.

ھەر ساھەدىن شان ـ شەرەپ كەپ تۇراركەن خۇش خەۋەر،
كۈندە يېڭى قىياپەت بەرپا ئىكەن ئۈرۈمچى.

مېھمان نېچۈن كۆپ دېسەم، سەلدەك ئاقار سەن تامان،
ھەركىم گۈزەل ۋەسلىڭگە شەيدا ئىكەن ئۈرۈمچى.

ئەپسۇس قىزىل گۈلنىڭمۇ بولغاندەك تىغ ـ تىكىنى،
بەزى جايىڭ ئەسكىگە، ياپسا ئىكەن ئۈرۈمچى.

بولۇپ قاپتۇ ئايرىملار، ھارام پۇلغا مەستانە،
خېرىدارغا مۇتتەھەم، تەرسا ئىكەن ئۈرۈمچى.

باي ـ نامراتنىڭ پەرقى چوڭ، سېمىزلىرى بەك سېمىز،
ئورۇقلىرى ئاۋارە، ئەبگاھ ئىكەن ئۈرۈمچى.

تەييار نەپكە چاپلىشىپ، بۇدۇشقاقتەك يۈرەركەن،
ھۇرۇنلىرى خۇددى «چوڭ ئەيسا» ئىكەن ئۈرۈمچى.

ماڭسام يولدا ئالدىراپ چىمدىپ تارتار پېشىمدىن،
ھەر دوقمۇشتا دىۋانە تەييار ئىكەن ئۈرۈمچى.

تىنىم تاپماس سوتكىلاپ سەندە ۋاڭ ـ چۇڭ، شاۋقۇنلار،
نېرۋىمىزغا مۇشت كەبى پەشۋا ئىكەن ئۈرۈمچى.

ئۈرۈمچىدىن كەلگەنگە پاقلان سويساق سەھرادا،
بىز كەلگەندە ھېچكىم يوق، مەدداھ ئىكەن ئۈرۈمچى.

كۆرمەس بولۇپ يېقىنلار، قاچار ئىكەن ئۇچراشساق،
ساددا ئەمەس بىزلەردەك، مەككار ئىكەن ئۈرۈمچى.

ئاز ئوخشايدۇ چوڭ شەنىڭ «ئىلىپبە» دىن ساۋاتى،
ئېلىشتا تېز، بېرىشتە ئاستا ئىكەن ئۈرۈمچى.

بىرەر تونۇش ئۆيىگە كىرىپ قالساق قۇرۇق قول،
بىز كەتكەندە تىللايدۇ، سەپرا ئىكەن ئۈرۈمچى.

ئايرىپ سامان - مەڭگەننى، بىلىپ سىرتتىن كەلگەننى،
پەملەپ تۇرۇپ قويماققا ئۇستا ئىكەن ئۈرۈمچى.

نەزمە پۈتتۈم چاقچاقتىن كايىپ كەتمەڭ يارەنلەر،
ياخشى - يامان ئەبجەش يۇرت، كاتتا ئىكەن ئۈرۈمچى.



# سەھرا

ئاسمىنىدا تۇتەك يوق، چاقنار يۇلتۇز خۇش چىراي،
غەيرىتىگە دېھقانىنىڭ گۇۋاھ كۆكتە قۇياش ـ ئاي،
ھەيران قالماڭ كۆرسىڭىز، گاھى چاغدا پۈت ـ قول لاي،
يۇردۇق ئىشلەپ ـ تىرمىشىپ بولىمىز دەپ بىر كۈن باي،
خۇددى جەڭگاھ مىسالى بىزنىڭ سەھرا شۇنداق جاي.

ئەمگەك بىلەن ئەينەكتەك بولدى سالا ئېتىزى،
بىر سالادا ئاق ئالتۇن بولۇپ چاقنار كېۋىزى،
بىر سالادا دولقۇنلار گويا بۇغداي دېڭىزى،
يەنە قوناق تېرىيمىز، بىكار قالماس ئېڭىزى،
چىمدىم توپا قەدىرلىك، بىزنىڭ سەھرا شۇنداق جاي.

سېمىزلىكتىن كالا ـ قوي، پۈشۈلدايدۇ قوتاندا،
پاتقاق گازدا پاراقشىپ، گۆش قاينايدۇ قازاندا،
خۇش تەبەسسۇم ھەركۈزدە جىلۋە قىلار دېھقاندا،
مول ھوسۇلدىن، شادلىقتىن، مەشرەپ قىزار خاماندا،
ھەركۈنلۈكى ئايەمدەك، بىزنىڭ سەھرا شۇنداق جاي.

تومپاي دېمەڭ دېھقاننى، ئۆسۈپ قالدى ساپاسى،
جىق دەپ قالماڭ يېزىدا، دېھقان خەقنىڭ ھاشاسى،
باياۋاندا باغ قىلغان شۇ ھاشارسى ـ جاپاسى،
دەل مۇشەققەت ئەمگەكتۇر، باي بولۇشنىڭ ئاساسى،
خىسلىتى مول، خاسلىق بار، بىزنىڭ سەھرا شۇنداق جاي.

قىزىپ كېتەر باغلاردا بۇلبۇل - قۇشلار ناۋاسى،
گۇل پۇرايدۇ ئەتراپتىن جانغا ھۇزۇر ھاۋاسى،
بۇ جايدا يوق دەرىجە، ئۇنۋان، مەنسەپ غوۋغاسى،
كەتمەن، گۇرجەك قان بېسىم، سېمىزلىكنىڭ داۋاسى،
ساغلام، تېمەن ياشايمىز، بىزنىڭ سەھرا شۇنداق جاي.



## هايات دېگەن...

هايات چوڭقۇر دېڭىزدۇر شاۋقۇنى بار ئەلۋەتتە،
تىنىم تاپماي ئۆركەشلەر، تۇرماس جىمجىت ھالەتتە.

شۇ دېڭىزدا مەردانلار ئۈزۈپ تاپسا ئۈنچە - زەر،
ئۈزەلمەسلەر ئۈزگەننى مەسخىرە قىپ كۈلمەكتە.

هايات دېگەن ئىمتىھان، مەيلى شاھقا - پۇقراغا،
سىنايدۇ ئۇ ھەركىمنى مۇشەققەتتە - راھەتتە.

هايات دېگەن چوڭ سەھنە، بۇ سەھنىدە رولچى جىق،
جۇل - جۇل يۇرسە گاھىلار، گاھىسى تون - بېزەكتە.

بۇ سەھنىدە يىغلايدۇ، دەردمەنلىرى مۇڭ تۆكۈپ،
بەزمە قۇرار غەمسىزلەر يايراپ دۇتار - غىجەكتە.

هايات كاتتا بىر ئوردا، ئۇندا خانىش، قۇل - دېدەك،
يوقسۇللارغا ماتا يوق، پۇلدارى زەر - يىپەكتە.

هايات كەسكىن رىقابەت، سەن ياغ - گۆش يەپ زېرىكسەڭ،
غاجاپ بىرسى ئاۋارە، چىشلەم گۆش يوق سۆڭەكتە.

هايات چوڭقۇر خەۋپ - قاينام، ئەگەر پەخەس بولمىساڭ،
ياتار جايىڭ خەتەرلىك، ھەتتا گۆردە - لەھەتتە.

تۆت بالىنى داشۆدە ئاۋۇ بىرسى ئوقۇتتى،
ئەجىر قىلىپ تىرمىشىپ لەڭپۇڭ سىتىپ غالتەكتە.

قاراڭ مۇنۇ نامراتقا، ئىش ـ ئوقىتى ئەپلەشتى،
بىيىپ قالدى قوي بورداپ تىنىم تاپماي كاتەكتە.

كىچىك ئىشنى ياراتماي، كۆز قىزارتىپ ئۆزگىگە،
ئۆرتىنىدۇ بەزەنلەر، ئورۇقلايدۇ ھەسەتتە.

«قۇلدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە» دېگەن بىزدە ھېكمەت بار،
ئەسلى ھايات زىنىنتى ھالال ئەجىر ـ ئەمگەكتە.

ھايات ئىشەنچ سەيناسى، ئۈمىدۋار بول بۇرادەر،
سەۋەب قىلساڭ ئىزدىنىپ، سۇ توختايدۇ سېۋەتتە.

ھايات يولى تىك داۋان، جۈرئەت كېرەك ئاشماققا،
گۆھەر چۈشمەس ئاسماندىن يېتىۋەرسەڭ غەپلەتتە.

ھايات سېخىي ئىشچانغا، قول تارت تاماخورلۇقتىن،
تەييار نانغا ئامراقلار، ئاخىر قالۇر كۆلپەتتە.

# ۋەكىل بول

ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان ۋەكىل بول،
تىلى بولۇپ خەلقىڭنىڭ سۆزلەيدىغان ۋەكىل بول.

بۇ يۇرت ئارا مەردانىسەن، بىز سايلىغان سەردارسەن،
ئەلنى باشلاپ چوققىغا، ئۆرلەيدىغان ۋەكىل بول.

ئاۋام كۆتەر سېنىڭدىن، دىيانەتنى ـ پاكلىقنى،
ئەيش ـ ئىشرەت كۆلىدە، ئۈزمەيدىغان ۋەكىل بول.

مەسئۇلىيەت يۈكلىرى، بۈگۈن ئېغىر زىممەڭدە،
بىخۇدلۇقنىڭ يولىدا، يۈرمەيدىغان ۋەكىل بول.

پەگاھلاردىن ئېگىزگە، خەلقىم سالغان كۆۋرۈكسەن،
سەرخىل تەكلىپ ـ تەۋسىيە، ئىزدەيدىغان ۋەكىل بول.

جاندىل بىلەن ئەل ئۈچۈن، ئىشلەش بۈرچۈڭ بولسۇنكى،
ئىمتىيازنىڭ پەيزىنى سۈرمەيدىغان ۋەكىل بول.

باغرىڭغا تاڭ ئاۋامنىڭ ئارمانىنى ھەر مىنۇت،
نەپسى شەيتان كەينىگە، كىرمەيدىغان ۋەكىل بول.

ئاسان قولغا كەلمەيدۇ، بۇ مۇقەددەس شەرەپمۇ،
شىۋىرغاندا، ئاپتاپتا ئۆڭمەيدىغان ۋەكىل بول.

ھەر جۈملەڭدە پارلىغاي، راستچىللىقنىڭ چىرىغى،
ئەل قەلبىدە مەڭگۈگە ئۆلمەيدىغان ۋەكىل بول!



# سازلىرىم

كەڭ جاھانغا تونۇلدۇڭ، دۇتار، تەمبۇر، چاڭلىرىم،
راۋاب، ناغرا، نەي، غىجەك، قالۇن، ساتار، داپلىرىم.
ياڭراتقاچقا مۇقامنى دۇنيا دېدى: «ئاپىرىن!»،
ماڭا ھەمدەم تەسەللى خۇشخۇي، مىسكىن چاغلىرىم،
ئايرىلمايمەن ھېچقاچان سېنىڭدىن ئەي سازلىرىم.

جىسمىڭ ئاددىي ياغاچتۇر، مېھرىڭ خۇددى ئوت ـ ئاتەش،
ھەيران قالدى سېھرىڭدىن پارىژ، لوندون، ماراكەش.
ھۇزۇر ئالۇر ھارغاندا سەندىن نى ـ نى جاپاكەش،
تىڭشاپ ماڭار چۆلدىمۇ سېنى كارۋان ـ كىراكەش،
ئەل ـ يۇرتۇمغا تىلەيمەن بەخت ـ تەلەي سازلىرىم.

ئەجدادلاردىن مەڭگۈلۈك بىزگە قالغان مىراس سەن،
قاپقاراڭغۇ دىللارنى، يورۇتقۇچى چىراغ سەن.
سېپىڭدە ھەم ساپايى، قوشۇق، تاش بار ئىناقسەن،
ھەسەت، پىتنە، غەلۋىنىڭ كۆكسىگە تىغ ـ پىچاقسەن،
شۇڭا سېنى بىر ئۆمۈر ئاسراپ ئۆتەي سازلىرىم.

«ساز دېگەندىن بىر تاۋاق ئۇماچ ياخشى» دېگەنلەر،
باركەن تېخى قاتاردا قارا قورساق دېۋەڭلەر.
ئاۋارىمىش سېنىڭدىن ئىزدەپ قۇسۇر ـ ئېۋەنلەر،
زوقلىنالماي، چالالماي تۆكەر تىلدىن زەھەرلەر،
شۇ ناكەسلەر ھالىدىن ئاچچىق كۈلەي سازلىرىم.

قاتار ـ قاتار تىزىقلىق زەپ ياراشتىڭ ئۆيۈمگە،
ئەلڭ قەدىرلىك مېھمانسەن مەڭگۈ لايىق تۆرۈمگە.
ھېس قىلمايمەن تەنھالىق، بولغاچ تەڭكەش كۈيۈمگە،
مۇڭلۇق ناخشا ـ ساز دېگەن ئۆمۈر قوشار ئۆمۈرگە،
غەيۋەتلەرنى سەن بىلەن بەربات ئېتەي سازلىرىم.

# شوپۇرلار

يوللار ئۇزۇن كەڭتاشا، تالاشماڭلار شوپۇرلار،
تېز سۈرئەتتە بەسلىشىپ، قوغلاشماڭلار شوپۇرلار.
ھېرىپ - چارچاپ ماشىنا، ھەيدەشمەڭلار شوپۇرلار،
ئەقلىڭلاردىن پۇل ئۈچۈن، ئاداشماڭلار شوپۇرلار.

ئاستا ماڭغىن دەپ تۇرسا، جان ئالاردەك چاپتىڭلار،
ئۆلچەمدىن بەك ئاشۇرۇپ، يۈكنى ئېغىر باستىڭلار.
شاد ئائىلىگە مۇسىبەت ئازابىنى سالدىڭلار،
دوزاخ تامان ئالدىراپ، چامداشماڭلار شوپۇرلار.

بىز ئۆزىمىز تاللايمىز، ئېسىلماڭلار بىلەككە،
سەپەرلەرگە ئاتلانماق بولۇپ كەلسەك بېكەتكە.
خەتىرى بار پىكاپتىن، مىنگەن ياخشى ئېشەككە،
يولۇچىغا سالجىدەك، چاپلاشماڭلار شوپۇرلار.

زىممەڭلاردا ئېغىردۇر، مەسئۇلىيەت تاغلىرى،
ئىلكىڭلارغا سەپەردە ئۆتەر خەقنىڭ جانلىرى.
يېتىم قالدى ۋەقەدە نى ئەتىۋار باللىرى،
ھايات بىلەن بۇقەدەر ئويناشماڭلار شوپۇرلار.

پىراۋىنى ئالدىڭلار مىڭ جاپادا - تەسلىكتە،
يول يۈرمەڭلار كۆڭلۈڭلار خاتىرجەمسىز غەشلىكتە.
ئۆزگىلەرنىڭ بەختىچۈن رول تۇتماڭلار مەستلىكتە،
قاۋاق بىرلە، مەي بىرلە دوستلاشماڭلار شوپۇرلار.

ئەگەر قاتناش تارمىقى چەك قويمىسا سۇرئەتكە،
ئۇچامتىڭلار ئالدىراپ، قانات ياساپ لەھەتكە.
دەل قارامىلىق سۆرەيدۇ جىنايەتكە - ئىللەتكە،
ئەپسىز يولدا ئۆزئارا ياندىشماڭلار شوپۇرلار.

يېڭىسى بەك قىممەت دەپ، سىلىپ كونا تاپاننى،
پۇل خەجلەشكە قول تىترەپ ئالماشتۇرماي سايماننى.
داننى ئاتماي شامالغا، ئالغان نەدە خامانىنى،
جاننى ئەبجەق تۆمۈردە ئەپ قاچماڭلار شوپۇرلار.

ھۆرمەتلەشكە لايىقتۇر، بىخەتەر يول يۈرگەنلەر،
بۇ ھاياتنى مۇقەددەس قەدىرلىك دەپ بىلگەنلەر.
كەتتى ئەجەب ئارماندا، ھېچ گۇناھسىز ئۆلگەنلەر،
رولدا تۇرۇپ پۇل چۇشەپ ئۇخلاشماڭلار شوپۇرلار.

ئاستا مېڭىپ ساق بارغان، دەل بەيگىدە ئۈزگىنى،
قولۇڭلاردا چىڭ بولسۇن ئاپتوموبىل تىزگىنى.
ھەر ماڭغاندا ئويلاڭلار ئۆزۈڭلارنى - ئۆزگىنى،
بۇ ھاياتتىن ۋاقىتسىز، خوشلاشماڭلار شوپۇرلار.



# گېزىتنىڭ زارى

ماڭا تەرى - ئەجرى كۆپ، مۇھەررىرنىڭ - تەھرىرنىڭ،
ھېرىپ قالماس قەلىمى، ھەم جاپاكەش مۇخبىرنىڭ.
بىردەم تىنىم تاپمايدۇ، ئىملا ئۈچۈن كوررېكتور،
يەتكۈزەي دەپ ۋاقتىدا، ئارامى يوق شوپۇرنىڭ.

پوچتالىيون ئىنجىقلاپ، سۆرەر مېنى ھەر يانغا،
مەكتەپ، ئورگان، ئىدارە، چەت - ياقا، چۆل، سەھراغا.
يا قىشى يوق، ياكى ياز، يامغۇر، بوران، مۆلدۈرى،
مۇشتەرىگە يەتكۈزەر، دۈچ كەلسىمۇ دەرياغا.

بەك خۇشالمەن كېچىكمەي نەق جايىغا تەگكەنگە،
رەھمىتىم كۆپ مەن ئۈچۈن قان - تەرىنى تۆككەنگە.
سىياسەتتىن تېز ئۇچۇر بېرىپ شۇڭا ھەر كۈنى،
زەرلەر تۆكتۇم ئايىماي، مېنى ئوقۇپ سۆيگەنگە.

رەسسام، شائىر، يازغۇچى بەتلىرىمگە گۈل تىزار،
قەدرىمنى بىلگەنلەر، دائىم ماڭا ئىنتىزار.
ئەپسۇس بېرىپ قالىمەن گاھ نادانىنىڭ يېنىغا،
شۇڭا دەردىم يوق ئەمەس، مۇنداقلاردىن مەن بىزار.

كەلسەم خەۋەر كۆتۈرۈپ، ماڭا قارار كۆزى يوق،
زەن سالمايدۇ قۇرلارغا، ئوقۇيدىغان زوقى يوق.

قاتلىقىنى ئاچماستىن، تاشلاپ قويار پەگاھقا،
زىيالىي دەپ نامى بار، لېكىن ماڭا خۇشى يوق.

بىلىم ئالسۇن دەپ مۇشتەرى، بولۇپ بەرسە ھۆكۈمەت،
مېنى ئوقۇپ كۆرمەككە چىقارمايدۇ ۋاق - پۇرسەت.
موخوركىنىڭ خۇمارى، تۇتقان چاغدا سەت يىرتىپ،
كۆيدۇرىدۇ باغرىمنى، تارتتىم شۇڭا دەرد - كۇلپەت.

ئالار گېزىتخۇمارلار مېنى ئىزدەپ بوتكىدىن،
بەزەنلىرى بويۇنداپ كۆرەر ئەينەك دوسكىدىن.
بەزەنلەرنى مەن ئىزدەپ، ھەقسىز كەلسەم ئۆيىگە،
ئورۇن ئالدىم توپا - چاڭ، ئەخلەت - چاۋار ئۈستىدىن.

ئەزىزلەيدۇ ئەجەبمۇ چۈشسەم ئاقىل قولىغا،
ساپاسىزغا يولۇقسام، تىقار ئوچاق - مورىغا.
ئىزدىگەنگە يوق بولدۇم، نادانلارغا خەپ زايە،
پوچتاليون تۇتقۇزما مېنى دىلى قارىغا.



# هەي... باللار

سالام مەندىن سىلەرگە ئوقۇۋاتقان باللار،
ئالىي بىلىم يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان باللار.
باركەن ئەپسۇس ئاز ساندا ئاراڭلاردا تەپ تارتماي،
ئائىلىسىگە يالغاننى توقۇۋاتقان باللار.

تىرىشچاننىڭ ئۆگىنىش ـ ئوقۇشلىرى ئالامەت،
ئەمما ئىكەن بەزىسى، تاماشادا كارامەت.
قولى قىسقا دادىسى چېكىۋاتسا نادامەت،
يانفون ئۇرۇپ كۇندە پۇل، پۇل دەۋاتقان باللار.

بەزەنلىرى ئۇنتۇپتۇ شۇ جاپالىق سەھرانى،
كېچە ـ كۇندۇز قوغلىشىپ يۇرۇپ كۆزى شەھلانى.
دەيدۇ دىققەت قىل دېسە «ياش باللىنىڭ دەۋرانى»،
كەلگۇسىدىن بىخەۋەر ئويناۋاتقان باللار.

پۇل ئەۋەتسە بەتخەجلىك قىلىپ يەنە پۇل دەيدۇ،
«پۇل يوق» دېسە ئانىسى، «زادى ئامال قىل» دەيدۇ.
پۇل تەگكەندە دوست تارتىپ دەرھال قاۋاق ئىزدەيدۇ،
ئۇۋىسىنى قاغىدەك، چوقۇۋاتقان باللار.

خۇددى ئۇنىڭ ئائىلىسى پۇل زاۋۇتى قۇرغاندەك،
ھەر كۇنلۇكى تونىلاپ كۇمۇش تەڭگە قۇيغاندەك،

ئاقىلىۋەتتى مىسالى ئۆينى پىياز سويغاندەك،
چۈشكۈن سىياق، زەئىپ روھ يۇقۇۋاتقان بالىلار.

چوڭ شەھەردە چوڭ سۆزلەپ ئويلاپ كۆرمەي ئەسلىنى،
تۆت - بەش يىلنى ئۆتكۈزەر سۈرۈپ ئىشرەت پەيزىنى.
ئۆگەنمەيدۇ بېرىلىپ ئوقۇشىنى - كەسپىنى،
نەسىھەتنى نۆل قىلىپ يۈرۈۋاتقان بالىلار.

پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ ئىلىم - پەننى ئۆگەنمەي،
دىپلوم ئالار چېغىدا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي.
مەكتەپ ھەم ئائىلىنى ھېچبىر رازى ئېتەلمەي،
ئۈمىدىنى ئەل - يۇرتىنىڭ ئۇنتۇۋاتقان بالىلار.

ياشلىق قايتا كەلمەيدۇ، ئىنتىلىڭلار بىلىمگە،
ھېساب ئەمەس يىل توشسا، باقار ھەركىم ئۈنۈمگە.
بىلىمسىزگە ئىش نەدە، ھەتتا تەگمەس سۈپۈرگە،
ئويغىنىڭلار غەپلەتتە ئۇخلاۋاتقان بالىلار.



# ناتايىن

كۆندە داستان يازغانىنىڭ شائىرلىقى ناتايىن،
مەمەدانىنىڭ گەپ ـ سۆزگە ماھىرلىقى ناتايىن.
ئۆزلىكىڭدىن تىرىشىپ بىرەر ئىمكان تاپمىساڭ،
سېنى باشقا بىراۋنىڭ باي قىلمىقى ناتايىن.

كۆڭلى قارا ئادەم بار، كۆرۈنسىمۇ كۆلگۆنچەك،
تاغنى يۆتكەپ قويغىنى گاھى چاغدا بىر دۆمچەك.
مىسالىم بار دىپلومسىز چىققان نى ـ نى چېرتيوژچى،
قوش ـ قوش دىپلوم ئالغانىنىڭ ئالىملىقى ناتايىن.

كۆندە سۆزلەر بەزىلەر، دىيانەتتىن ـ ئىنسابتىن،
ماي تېجەيلى دەيدۇ ـ يۇ، چۆشمەي مىنۇت پىكاپتىن.
كۆڭۈل بەرمەس بوپ قالدىم خەقنىڭ قەنتتەك سۆزىگە،
جار سالغانىنىڭ پاكمەن دەپ ئادىللىقى ناتايىن.

كۆتۈرسىمۇ كارۋاننىڭ شۇنچە ئېغىر يۈكىنى،
چۆلۈك سېلىپ يېتىلەر پاكار ئېشەك تۆگىنى.
چىقىپ قالار ھەيۋەتلىك كۆرۈنگەنىنىڭ بېلى بوش،
ئىسمى «پالۋان»، «يولۋاس» نىڭ باتۇرلۇقى ناتايىن.

ئۇلتۇرساڭمۇ شاھانە سىرلىق تاجۇتەختىدە،
پاك بولمىساڭ ئورۇن يوق ساڭا ئاۋام قەلبىدە.

گېپىڭ شېرىن، قىلمىشىڭ كۆلكە سىيگەن موللامدەك،
بولساڭ ساڭا ئەل - يۇرتىڭ قايىللىقى ناتايىن.

بەزەنلەرنىڭ كۆڭلى پەس، تەخەللۇسى «ئاسمانى»،
بەزەنلەردە سەللە چوڭ، لېكىن يوقتۇر ئىمانى.
ئويلاپ كۆرسەم بەك مۇجمەل، مۇرەككەپكەن ئادەملەر،
دەيمەن شۇڭا مۆمىنىڭ رايىشلىقى ناتايىن.



# قىنى بىز

ھاراق بىرلە يايرايتتى، ياش چاغلاردا جىنىمىز،
شوخلىشاتتۇق سورۇندا، قىزىپ ـ قايناپ قېنىمىز،
ھاراق ئىدى ئۇسسىساق، بىزنىڭ ئىچەر چېيىمىز،
ئەللىك بەشكە بارمايلا، ئەمما بۇگۈن يېشىمىز،
قايان كەتتۇق يارەنلەر، غايىب بولدۇق قېنى بىز.

بىرسىمىزنى تۇتۇپتۇ، ھاراق قىزىلئۆڭگەچتىن،
بىرنەچچىمىز ئاقساپتۇق، چاتاق چىقىپ سۆڭگەچتىن،
ئازابىنى دوزاخنىڭ بىرسى كۆردى ئۆلمەستىن،
ئىچىپتۇق بىز سارائدەك، جانغا كۆڭۈل بۆلمەستىن،
نەس ئىچىملىك ۋەيرانە قىلدى دوستلار قېنى بىز.

نېچۇن مۇنچە چاپلاشتۇق، يىراق يۇرمەي زەھەردىن،
قەد ـ قامەتلەر پۈكلەندى، ئۇ يەتكۈزگەن زەرەردىن،
كېسەل چىقتى تەكشۈرتسەك، ئاشقازاندىن ـ جىگەردىن،
بىزدىن ساۋاق ياش باللار، ھەزەر مۇنداق مەرەزدىن،
قېنى قامەت، قېنى بوي، قېنى شوخلۇق قېنى بىز.

قىلچە رازى بولمىدۇق، مېھمان قىلسا قوي سويۇپ،
رەنجىدۇق بىز قۇيمىسا، ئىستاكاننى تولدۇرۇپ.
بىر ۋەزىپە چۇشكەنمۇ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇپ،
نېمە تاپتۇق ھاراقتىن مۇنچە زورلاپ ـ زورلىنىپ،
ئەتىكى ئىش ـ زور پىلان، قېنى مەقسەت، قېنى بىز.

ئىسپىرتنىڭ دەستىدىن، زەئىپلەشتى يۈرەكلەر،
قان تومۇرلار توسۇلۇپ، سالدى دوختۇر تىيەكلەر،
پەيدا قىلدى ئۇ يەنە تەندە ئۆسمە ـ مۈنەكلەر،
بالدۇر قېرىپ مۇددەتتىن، شالاڭشىدى سۆڭەكلەر،
قېنى ئەقىل بىزدىكى، قېنى سەزگۇ، قېنى بىز.

ئىشتەي تارتماي شۇ چاغلار، ئاق ھاراقتىن باشقىغا،
قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ لىق ـ لىق قۇيدۇق ناشتىغا.
ئارىمىزدىن بەزەنلەر كەتتى ئەپسۇس باقىيغا،
گەپ قىلىشقا ئۇلگۇرمەي، مەي زورلىغان ساقىيغا.
قېنى ئارزۇ، نە ئۇمىد، قېنى ئەتە، قېنى بىز.

نېمە تولا بىزلەردە ئەخمەقلەرچە ئۇلتۇرۇش،
بىز نادانغا مەي سېتىپ غېنى بوپتۇ مەيپۇرۇش،
بىزگە نېمە ۋاي توۋا مەست بوپ قۇسۇپ ـ ياندۇرۇش،
مۇمكىن بولسا ئاھ! ئىسىت، ئۆمرىمىزنى قايتۇرۇش،
ئەۋلادلارغا قېنى ئىز، قېنى تۆھپە، قېنى بىز.

«سالامەتلىك ئۇچۇن!» دەپ، ساغلاملىقنى بۇزۇپتۇق،
كېچىپ شېرىن ئۇيقۇدىن، كۇندە سورۇن تۇزۇپتۇق.
ئەمدى بىلسەك شۇ چاغلار ئەقلىمىزدىن ئېزىپتۇق،
ئۆمرىمىزدىن ياشلارغا ئىبرەت ـ ساۋاق يېزىپتۇق،
قېنى ئارمان دىلدىكى، قېنى ھايات، قېنى بىز!

# «قۇشقاچلار»

يانفونلىرى تىن ئالماي سايرايدىغان «قۇشقاچلار»
تانسا نەدە، مەي نەدە، قوغلايدىغان «قۇشقاچلار»
ئەرنى كۆرسە غىلجىڭلاپ نازلايدىغان «قۇشقاچلار»
ئاخشاملىرى ھەمىشە دانلايدىغان «قۇشقاچلار».

بولۇپ بىرەر تەپ تارتماي ئولتۇرۇشنىڭ «رەڭ»لىرى،
تېخى شاللاق ئەر بىلەن ئىچىپ كەتكەن مەيلىرى.
ئەپتى شەھۋەت پۇرايدۇ، بەك تېتىقسىز گەپلىرى،
بولۇپ خەققە ئويۇنچۇق ايناقلىغان «قۇشقاچلار».

ياشاش نومۇس ئەمەسمۇ ئىپپىتىنى پۇل قىلىپ،
خەلقئالەم ئالدىدا قىممىتىنى نۆل قىلىپ،
ئۆتەر شۇنداق سەۋەبتىن ئۆز - ئۆزىنى تۇل قىلىپ،
ھەر قەدەمنى پۇل ئۈچۈن چامدايدىغان «قۇشقاچلار».

كۇندە نەچچە پەردازلاپ بوياپ قاش - كۆز، رەڭگىنى،
ئون كىشىگە ئون ياڭزا بىرەر ۋەدە لەۋزىنى،
ھالال كەسىپ - ئىش تۇتماي قوغلاپ ئىشرەت - پەيزىنى،
مېھمانخانا - ئارامگاھ قاتنايدىغان «قۇشقاچلار».

ئەجەب ئۇستا بىكاردىن دان تېپىشتا ھۈنەرگە،
چاپىنىدا خەقلەرنىڭ تەرلەپ پەيزى سۈرەرگە.

لىق تۇرسىمۇ بۇيرۇتۇپ نازۇ ـ نېمەت شىرەگە،
مەست يىگىتنى ـ ئەخمەقنى جايلايدىغان «قۇشقاچلار».

داپ يۈزلىرى بارغانچە ئوخشاپ ئاياغ چەمىگە،
داغ تەگكۈزدى پاك ئايال ـ ئانىلارنىڭ شەنىگە.
تەنبىھ قىلساق يېنىشلاپ ھېچ ئالمايدۇ زەنىگە،
قىلمىشلىرى خەلقىمگە ياقمايدىغان «قۇشقاچلار».

نەپكە، ئەيش ـ ئىشرەتكە بەكمۇ ئىجىل ـ ئامراقلار،
نەدىن پەيدا بوپ قالدى ئارىمىزدا مۇنداقلار.
بىزدىن شۇنى كۈتكەنمۇ، ئەخلاق سۆيەر ئەجدادلار،
پاك مۇھەببەت سۆيگۈنى خارلايدىغان «قۇشقاچلار».

# بەزىلەر

بۇ دۇنيادا غەلىتە ياشايدىكەن بەزىلەر،
رازى بولماي جىمىدىن قاقشايدىكەن، بەزىلەر.

ھەۋەس قىلىپ ئۆلگىچە «ئەمەل» ئاتلىق «جانان»غا،
ئېرىشەلمەي يامىشىپ، ھارمايدىكەن بەزىلەر.

«تەخسىكەش» دەپ ئۆزگىنى، ئۆزى تەڭلەپ تەخسىنى،
تاپىنىنى باشلىقنىڭ يالايدىكەن بەزىلەر.

ئۆز ئۆيىدە بەتقىلىق، تۇرسا پاتمان سەتچىلىك،
تۆھمەت توقۇپ ئۆزگىگە، چاپلايدىكەن بەزىلەر.

ئىتتىپاقلىق - ئىناقلىق، بىخ چىقارسا قەيەردە،
كەسمەك ئۈچۈن پىچاقنى چاقلايدىكەن بەزىلەر.

تىنىم تاپماي سوكۇلداپ، ھېچ دوقمۇشنى كەم قويماي،
كوچا - كوچا گەپ ئىزدەپ، ياتمايدىكەن بەزىلەر.

كىمگە كەلسە پېشكەللىك، ئىچ - ئىچىدىن شادلىنىپ،
شان - زەپەرلەر قۇچقاننى قاغايدىكەن بەزىلەر.

سەۋەبسىزلا ئالىيىپ، بۇلۇت قىلىپ رەڭگىنى،
ھېچكىم بىلەن ئەپ - ئىناق، ئۆتمەيدىكەن بەزىلەر.

شەپقەتچىسى نان بەرسە، تويۇپ كەتتىم بەكرەك دەپ،
شىكايەتكە - ئەرزگە قاترايدىكەن بەزىلەر.

سۇتتىن كىرگەن نەس مىجەز، ئۆزگەرمەسكەن ئۆلگىچە،
ئىش - ئەمىلى خەقلەرنى غاجايدىكەن بەزىلەر.

مېڭىۋەرگىن پەرۋاسىز، داغدام يولدا (ھەققانىي)،
كارۋان ماڭسا ئىت بولۇپ، قاۋايدىكەن بەزىلەر.



# مۇشۇنداقلار بار تېخى

ياخشىلارغا بەتلەگلىك ھامان رەزىل تىل ـ تىغى،
خوخا، ئازغان ـ تىكەنلىك، قاقاس شورلۇق دىل بېغى،
كۆنى ئۆتمەس غوۋغاسىز، يوقتۇر مىنۇت خۇش چېغى،
ھېچكىم بىلەن ئەپ ئەمەس، ئۇرۇشقاقلار بار تېخى.

گەپ ئاچىدۇ ھەممىشە ۋىجدان، ئىمان، غۇرۇردىن،
ئېلىمىنىڭ ۋىجداننىڭ تاپماق تەستۇر ئۇنىڭدىن،
پىتنە توقۇش خۇمارى، كەتمەس شۇڭا بۇلۇڭدىن،
غەيۋەت بىلەن جان باقۇر، تىرىكتاپلار بار تېخى.

باشلىق كۆرسە كارامەت ھېجىيىشى ـ كۈلىشى،
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ غىلجىڭلىشى ـ مېڭىشى،
ئۆزى تۇرۇپ تەخسىكەش، خەقنى تېخى تىللىشى،
قىلىقلىرى غەلىتە، بۇدۇشقاقلار بار تېخى.

ئىناقلىقتىن سۆز ئاچسا، بال تامىدۇ تىلىدىن،
يانتاق ئۈنەر ئەكسىچە باسقان ھەربىر ئىزىدىن،
تىنماي قۇسۇر ئىزدەيدۇ، خەقنىڭ خوتۇن ـ قىزىدىن،
گېپى تولا، ئىشى ئاز، ۋىتىلداقلار بار تېخى.

بىر ئۆمۈرلۈك ھەمراھتۇر، ھەسەت ئاتلىق «جانانى»،
كىمكى ئەگەر شان قۇچسا، ئىشقا چۈشەر زۇۋانى،

تۆھمەت قىلىپ ئارتىدۇ، ئاڭا مىڭ بىر گۇناھنى،
قىزىلگۇلنى كۆرەلمەس، ئاق يانتاقلار بار تېخى.

ھەرىسى بار ھەسەلنىڭ، يازنىڭ پاشا - چىۋىنى،
قۇرت غاجايدۇ ھەمىشە سەرخىل، تاتلىق مېۋىنى،
بىز قۇچايلى شەرەپلەر، چايناۋەرسۇن تىلىنى،
ئارىمىزدا - قاتاردا مۇشۇنداقلار بار تېخى.



# غەيۋەتلەر

پاناھ بولۇر بۇلۇڭ ـ پۇچقاق، خىلۋەتلەر،
ياخشىلارغا يۇكلەر پاتمان ئىللەتلەر،
تۆكۈلگەندەك تاغاردىن قىغ ـ ئەخلەتلەر،
ساپ مۇھىتنى بۇلغايدىكەن غەيۋەتلەر.

كۆڭۈللەرگە سىلىپ مالال غەشلىكنى،
ئىناقلىققا كولاپ ئورا ـ يەرلىكنى،
ئېغىزلاردا قويماي زەررە نەملىكنى،
ھېچبىر تىنىم تاپمايدىكەن غەيۋەتلەر.

ئاقنى كۆرسە تەپ تارتماستىن «قارا» دەپ،
ساقنى كۆرسە «يىرىڭ يىغقان يارا» دەپ،
دۇرۇسلارنى «كۆڭلى بەكمۇ ئالا» دەپ،
پىتنە ـ تۆھمەت چاپلايدىكەن غەيۋەتلەر.

قوبۇل قىلماي تارىختىكى ساۋاقنى،
ئىگىلەپ ئۆي، كوچا، دوقمۇش، قاۋاقنى،
پىچىر ـ پىچىر قىلىپ ھەربىر قۇلاقنى،
ئارامىدا قويمايدىكەن غەيۋەتلەر.

ھەر جۇملىسى تېپىپ جېدەل ـ ئاپەتنى،
ئاستىن ـ ئۈستىن قىلىپ ھەقنى ـ ناھەقنى،

كۆزلەيدىكەن قايسى مۇددىئا ـ مەقسەتنى،
زادى جىمجىت ياتمايدىكەن غەيۋەتلەر.

پاكىت ياساپ گۇمانىدىن ـ پەرەزدىن،
ئارازچىلىق تېپىپ كەلدى ئەزەلدىن،
ئاگاھ بولغاي دوست ـ يارەن بۇ مەرەزدىن،
پۇرسەت كۈتۈپ مارايدىكەن غەيۋەتلەر.



# يىراق بول

ئىناقلىققا كۆشەندە، يامانلاردىن يىراق بول،
جېدەل ـ پىتنە خۇمارى قارامللاردىن يىراق بول.

«قىڭغىر هارۋا يول بۇزار، بەتنىيەتلەر يۇرت بۇزار»،
غەيۋەت ـ پىتنە قوزغىغان پاراڭلاردىن يىراق بول.

ئىلىم بىلەن ئۆلچىنەر، ئادەملەرنىڭ ساپاسى،
بىلىمسىزگە هال ئېيتما، نادانلاردىن يىراق بول.

ماختانچاقلار بار شۇنداق، يوغان گېپى ئاسماندا،
مېۋىسى يوق قۇرۇق شاخ ـ باراڭلاردىن يىراق بول.

هېيلىگەرنىڭ تەزىمى ئاتمىش مېتىر يىراقتىن،
مۇنداق ساختا قىياپەت ـ سالاملاردىن يىراق بول.

ئالتۇن ئوتتا بىلىنەر، ئادەم ئىشتا ـ مېهنەتتە،
ئەمگەك سۆيمەس بىكارچى، بوشاڭلاردىن يىراق بول.

«ئادەم تەمى سۆز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن»،
گەپ سېتىشتىن ئۇيالماس، كاززاپلاردىن يىراق بول.

ئامەت تاپساڭ چېۋىندەك ئەتراپىڭغا ئولىشىپ،
ئامەت كەتسە غىپ قاچقان «ئاداش» لاردىن يىراق بول.

ئاز يىغساڭمۇ ھالال يىغ، ئاچ قالساڭمۇ ھالال يە،
ئىنسابلىقنىڭ دىلى ساپ، ھاراملاردىن يىراق بول.

يۇرمەي زەررە جاپادا، يېتىپ تۇرۇپ سافادا،
تەر تۆكمەستىن مول ئالغان، خامانلاردىن يىراق بول.

يېنىڭدىكى چىرايلىق، ۋاپادارىڭ شۇ سېنىڭ،
نەپلەر ئۇچۇن يېپىشقان «جانان» لاردىن يىراق بول.

پۇل دېگەننىڭ كۆزى يوق، تەخسىكەشنىڭ يۈزى يوق،
مەقسىتى بار داستىخان - تائاملاردىن يىراق بول.

نەپسى ئۇچۇن نومۇسنى - دىيانەتنى تەرك ئەتكەن،
تىلى شېكەر، پەيلى شۇم، مەككارلاردىن يىراق بول.

ياخشى ئاتقا ئەزەلدىن قامچا - تاياق بىھاجەت،
ئىش - ئەمگەكتە سۆرەلمە، قاشاڭلاردىن يىراق بول.

كۆڭلى ئايئاق پاختىلار، جاھاندا كۆپ ياخشىلار،
ئاقىللاردىن دوست تۇتۇپ، ئازابلاردىن يىراق بول.

ئەللىك توققۇز قىش - باھار، ماڭا ساۋاق دوستلىرىم،
بۇ دۇنيادا قىسقىسى: ناچارلاردىن يىراق بول.

# كۆلمەڭلار ئەي خالايىق!

پېنسىيە يېشىمدىن ئۆتتۇم، لېكىن ياتقۇم يوق،
ھەق يېشىمنى سىر تۇتۇپ ھېچ كىشىگە ئېيتقۇم يوق،
مەندىكى بۇ ئىمتىياز ـ مەنپەئەتتىن كەچكۇم يوق،
شۇ كۈنلەردە ئۇيقۇم ئاز، ھېچ ئارامغا چىققۇم يوق.

كۈندىن ـ كۈنگە مەردلىشىپ، كەتكىنىدە ھاجەتمەن،
ئېلىپ تۇرسام «مول ھوسۇل» چاپماي تۇرۇپ بىر كەتمەن،
ئەمەل، مەنسەپ، راھەتتىن كەچمەك شۇڭا بەك تەسكەن،
نەپكە شۇنداق رىشتىم چىڭ، ھېچ ئارامغا چىققۇم يوق.

مۇمكىن بولسا ھەسسىنە! غايىب بولسا ئارخىپىم،
ياش ئۆلچەمدىن ئاشقاننى بىلمىسىكەن باشلىقىم،
ئەمدى ماڭا ئاسانمۇ، مۇنداق پۇرسەت تاپمىقىم،
بۈگۈن ئەجەب باش قاتتى، ھېچ ئارامغا چىققۇم يوق.

دېسە: «ئۆمۈر ئاتقان ئوق»، مۇنچە ئەمەس، دەپتىمەن،
ئىدارىدە كاداڭدىن، يالغۇز مەنلا قاپتىمەن.
ئەل ئىچىدە «تويمىغۇر» دېگەن نامنى ئاپتىمەن،
نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ھېچ ئارامغا چىققۇم يوق.

بەكمۇ كۆنۈپ قاپتىمەن، رىزقىنى يەپ ئومۇمنىڭ،
ئىشلىگۈم بار گۈنىسى، قالمىسىمۇ كۆزۈمنىڭ،

ئۆز - ئۆزۈمگە راھەتتۇر، قېلىنلىقى يۈزۈمنىڭ،
ئىتتىرسەڭمۇ دۈمبەمدىن ھېچ ئارامغا چىققۇم يوق.

يازاي دەيمەن ئىلتىماس، قولۇم كەلمەس تىترەپ،
چىقمايمەن دەپ قانچىلىك تۇرالارمەن پۇت تىرەپ،
كۆز يۇمغىچە ئىشلەي دەپ قويايمىكىن بىر تەلەپ،
كۈلمەڭلار ئەي خالايىق، ھېچ ئارامغا چىققۇم يوق.



# مەندە بار

(بىر نادانىنىڭ تىلىدىن)

ئۆيدە جېدەل ـ دەتالاش كۈندە «تالاق» مەندە بار،
ئۈشبۇ ھالىم مەست خۇددى كەيپى ھاراق مەندە بار،
پىتنە ـ غەيۋەت، غۇم ـ غۇدۇر، غەلۋە ـ چاتاق مەندە بار،
ئەلنىڭ توغرا باھاسى ـ ئەسكى ئاتاق مەندە بار.

ئەجداد بىزگە قالدۇرغان ئەنئەنىنى ئۇنتۇدۇم،
پەرۋىش قىلماي ئەخلاقنىڭ گۈللىرىنى قۇرۇتتۇم،
ھېچبىر ياخشى نامىم يوق، ئەل رايىنى سوۋۇتتۇم،
غەيرىي مىجەز، غەيرىي ھال، بىر خىل قاداق مەندە بار.

ئورۇقلايمەن گاھىدا كۆرەلمەسلىك ۋەجىدىن،
ئازابلىنىپ ـ تولغىنىپ خەقنىڭ ئەمگەك ئەجرىدىن،
سەل ئالدىدا كىم ماڭسا چىشلەپ تارتىم كەينىدىن،
كوچىلايمەن كولىغۇچ، رەزگى تاياق مەندە بار.

ئىناقلىقتا كۆشەندە كۆڭلى قارا نادانمەن،
ئەل ـ يۇرتۇمغا نەپ بەرمەس تۇۋى تۆشۈك قازانمەن،
تىلىم چەبدەس غەيۋەتكە، لېكىن ئىشقا قاشاڭمەن،
دېۋەيلەيمەن ياخشىغا، ئەگرى تاياق مەندە بار.

ئىنتىلمەيمەن نېچۈندۇر ھۈنەر، تېخنىك، بىلىمگە،
ئانچە خۇشتار ئەمەسمەن مۇشەققەتلىك كىرىمگە،
تەقەززامەن ئەجىرسىز كەلگەن جىق ـ جىق ئۇنۇمگە،
ھەشەمەتتىن نەپ ئىزدەي، مىڭلاپ باغاق مەندە بار.

# هارام پۇل

يېگەنلەرنى سەمرىتىپ پارقىرىتادۇر هارام پۇل،
مەنمەنچىلىك دۆڭىگە تاقلىتادۇر هارام پۇل،
گىرانت تاشتەك كۆڭلىنى قاتۇرادۇر هارام پۇل،
ئادەملىكنى روھىدىن قاچۇرادۇر هارام پۇل.

نەققە تەييار رەزگىنىڭ يوقىتىپ ئەس ـ هوشىنى،
باشلىرىدا ئەگىتىپ ساختا هۇما قۇشىنى،
يۈرىكىنى قاپ قىلىپ، يوغىنىتىپ مۇشتىنى،
يامان يولغا تەپ تارتماي ماڭدۇرادۇر هارام پۇل.

خۇشلۇق ـ ئامەت كەلتۈرۈپ، داغدام قىلىپ يولىنى،
هەر تەرەپكە يەتكۈدەك ئۇزارتىپ پۇت ـ قولىنى،
ئۇچىسىغا كىيدۈرۈپ هاكاۋۇرلۇق تونىنى،
كەيپ ـ راهەت مارشىغا ۋارقىرىتادۇر هارام پۇل.

يالاڭ تۆشنى تۆت كۈندە تاسادىپىي باي قىلىپ،
هۆسن تۈزەپ كۆرۈمسىز رەناسىنى «ئاي» قىلىپ،
هەر ئېيىغا ئون بەش رەت هەشەمەتلىك چاي قىلىپ،
نەچچە تاڭنى مەست ـ ئەلەس ئاتقۇزادۇر هارام پۇل.

خىيانەتچى ـ پارىخور، نەپكە هېرىس ناپاكنى،
پۇلنى كۆرسە دۇم چۈشكەن يۈزى قېلىن داپشاقنى،

يۇلۇپ ـ يالماش ئۇستىسى، ھىيلىگەر نائىنسابنى،
ھالاكەتنىڭ ھاڭىغا پاتقۇزادۇر ھارام پۇل.

ئۇينا ئەمدى كۆرەڭلە! ساڭا ئەمەل تەگدى دەپ،
تەر ئاققۇزماي يېمەككە راسا پۇرسەت كەلدى، دەپ،
رېستوراندا ئوينىتىپ تۇنلەپ ھەپتە ـ ھەپتىلەپ،
كارىۋىتىدا غەپلەتنىڭ ياتقۇزادۇر ھارام پۇل.

تاللاپ ئىنسان ئىچىدىن شۇنداق نەپسى يامانىنى،
كۆزى تويماس قۇۋ ـ مەككار ئەلگە ئاسىي شەيتاننى،
بۇ ئۆمرىدە يېگۈزمەي بىر ۋاق ھالال تائامنى،
دەرياسىدا ئازابنىڭ ئاققۇزادۇر ھارام پۇل.

ئەسلى بۇ پۇل پۇقرانىڭ، ئاجىزلارنىڭ ھەققىدۇر،
ئامەتلىككە تۇتقۇزغان ئامانەتتۇر ـ قەرزدۇر،
ئاقىۋىتى ئاچ كۆزنىڭ تۈگىمەس دەرد ـ جەبىردۇر،
ھەقدارىنى بىر كۈنى تاپقۇزادۇر ھارام پۇل.

نەپسخورنىڭ گېلىغا سىلاپ ـ سىيپاپ يېگۈزۈپ،
ئاخىرىدا ئۆمرىنىڭ مىڭ ـ مىڭ تۇۋا، دېگۈزۈپ،
قىمىرلاشقا يول بەرمەي يوتقىنىغا سىيگۈزۈپ،
پۇشايماننىڭ دەردىنى تارتقۇزادۇر ھارام پۇل.

# پارچىلار

زادى نېچۈن يۈرۈيمىز تىرناقلاردىن كىر ئىزدەپ،
كۆزگە ئۈيقۇ كەلمەمدۇ، بىر كىم ماڭسا ئىلگىرىلەپ.
ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا، ئەپ ئۆتەيلى يارەنلەر،
چارە يوقكەن دۇنيادىن كېتەركەنمىز بىر - بىرلەپ.

* * *

«مەن مۆلايىم، كۆز - قارنىم توق» دېسە ئەگەر ئاچ بۆرە،
كۆتى ئوچۇق ئۆچكە تازمۇ، قوينى قىلسا مەسخىرە.
ئۆز - ئۆزۈمنى تۇتالماي هېچ، تېلىققۇدەك كۈلىمەن،
«مەن ئاپئاق» دەپ غوڭۇلداپلا يۈرسە بىر قارا هەرە.

* * *

گەپ باشلىمەن ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىق زۆرۈر دەپ،
ئەمما يۈردۈم سوقۇشۇپ، خەقلەر بىلەن بىر - بىرلەپ.
جەڭگى - جېدەل مىكروبى، قىمراپ تۇرغاچ ئىچىمدە،
ئاداۋەتنى يار تۇتتۇم، دوستلۇق هەققىدە سۆزلەپ.

* * *

ئۆچكىنىڭ قېرىسى بولۇر مەرىگەك،
چاقنىڭ يامىنى ئىرۇر غەلۋىرەك.
«ياخشىغا كۈن يوقكەن، يامانغا ئۆلۈم»،
دېمەيلى، ئەسكىگە جازا ئەمدىرەك.

* * *

جاھان ھەممشە بىزگە باقمايدۇ،
بىردە يىغلىتىپ، بىردە ماختايدۇ.
بۇ ھەقىقەتنى بىلمەي نادانلار،
ھەممىدىن رەنجىپ كۇندە قاقشايدۇ.

* * *

«بىلىمىم مول» دەيسەن ھەر كۇنى،
كىيىۋېلىپ كىبىر بۆكىنى.
كەمتەرلىكتۇر بىلىم بەلگىسى،
بۇ خەلقىنىڭ ئادىل يەكۇنى.

* * *

ئامىتىڭدىن كېرىلمە مۇنچە،
شەخسىيەتكە بېرىلمە مۇنچە.
يەلكىسىدىن بېسىپ تۆۋەننى،
ئېگىزلەرگە ئېگىلمە مۇنچە.

* * *

يېڭىدىن بىر باشلىق سەنئەت ئۆمەككە،
كەلدى ـ دە، دېدى ئۇ گىتارنى «گىكتار».
كەسىپكە كەسىپنىڭ ئەھلى بولمىسا،
دەيدىكەن ئۇنداقلار تېزەكنى ئىپار.

* * *

مەن قارايمەن ئىشىككە ھەر ھېيتتا ـ بايرامدا،
يېقىنلىرىم ـ بالىلىرىم مۇبارەكلەپ كېلەر دەپ،
ئەرباب دوستۇم قارايدۇ پەلەمپەيگە ـ تىنۇشكە،
ھاجەتمەندىن قانچىسى بايراملىق نەپ بېرەر دەپ.

* * *

كاتتىلارنىڭ سالامى قىزغىن،
پۇقرالارغا سايلام هارپىسى.
ئۆزگىرەركەن بۇ سالام ئەپسۇس،
سايلام تۈگەپ تاڭلا ئەتىسى.

* * *

هالىغا ۋايدۇر بەزى ئىنسانىنىڭ،
تېخى ئۇ ئالغان يوغان ئۇنۋانىنىڭ،
تۆهپىسى يوقتىن قالپاقا تۇشلۇق،
تۇخۇمى ياخشى ئورۇق مېكىيانىنىڭ.

* * *

كىم گەجگىنى شوتا قىلدى، كۆكنى بويلاپ ئۆرلىدى،
مىڭ گەز ئېگىز ئۆرلىسىمۇ هېچ ئاراملىق كۆرمىدى.
كىمنىڭ بولسا مەقسىتى نەپ، يالماپ، سەمرىش، يەپ ـ ئىچىش،
ئەلمىساقتىن ئەل ـ ئاۋام، يۇرت مۇنداقلارنى سۆيمىدى.

* * *

رېستوراندا ئىچتۇق دوستلار بولۇشىغا،
زەن قويمىدۇق كىملەرنى كىم زورلىشىغا،
ئىچەرمەنلەر رىسالىسى شۇنداقمىكىن،
قالدى هېساب يۇزى تۆۋەن ياۋىشىغا.

* * *

نادانلار بىلەن بەتتە يېگىچە،
ئاقىللار بىلەن غەم يېگەن ياخشى.
چۈشەنمەسلەرگە لەۋزى قىلغۇچە،
ئېغىزنى يۇمۇپ هىم دېگەن ياخشى.

* * *

قارامنى سۇس كۆرسە «دوستۇم» يىراقتىن،
قولىنى سوزىدۇ تەڭلەپ سالامغا.
ئالدىمدا تۇلكىدەك ھىجىيىپ ئەما،
ئارقامدىن ئىتتىرەر تىگى يوق ھاڭغا.

* * *

ئەجەب تاتلىقكەن مەجلىستە سۆزۇڭ،
كۆرۈندى ئەلگە نۇرلىنىپ يۈزۈڭ.
مەجلىستىن چىقىپ بولىسەن ناكەس،
كۆلگە سىيىشنى باشلايسەن ئۆزۈڭ.

* * *

راستىنى راست دېسەم قالدىم بالاغا،
يالغاننى راست دەپ ئۇچتۇم ھاۋاغا.
مۇنداق رەزىل بوپ ئۇچقۇم يوق ئىدى،
بىراق بوش كېلىپ قالدىم سالاغا.

* * *

جاڭگالدا چاي بولسا ئۆلگۈرۈشلىرى،
بىكاردىن نان تاپسا تۇگۇرۇشلىرى،
ئوخشايدۇ شاتۇرغا بەزى بىرلەرنىڭ
زىغىردەك نەپ ئۇچۇن يۈگۈرۈشلىرى.

* * *

خالاپسەن ئەي قىزچاق پاتقاقچىلىقنى،
(ئىپپەتنى سېتىشتەك پەسكەش قىلىقنى)
سەن ماڭغان بۇ يولدىن مىڭ ئەلا ئىدى،
تاللىساڭ كەش - ئاياغ مايلامچىلىقنى.

* * *

ئىدارىگە مېھمانلارنىڭ پات ـ پات كەلگىنى،
پېقىر تۇتقان ئۆينىڭ ئامەت، پۇرسەت خامىنى،
مېھمان سەۋەب، رەھمەت ماڭا، ھېساب ئومۇمغا،
ئاي يەتكۇدەك نېمەت قالۇر ئۆيدە ھامىنى.

* * *

پاك ـ پاكىز يەرگە تۇكۇرەر بىرسى،
ئۇنى ئادالاپ سۇپۇرەر بىرسى.
ئەجەب قىزىقكەن جاھان ئىشلىرى،
تۇكۇرگەنلەرنى كۆتۇرەر بىرسى.

* * *

ئۇستا ئىكەنمىز ئۇسسۇل ـ ناغرىغا،
چوڭ بىلدۇق چىقساق ئېشەك ھارۋىغا.
خەق ئۇچتى كۆككە، پەن ئۆگەنمىسەك،
ئېرىشەلمەيمىز ھەتتا زاغرىغا.

* * *

ئەجنەبىي قىزلارنى دوراپ چېچىڭنى،
ساپسېرىق بوياپسەن ئەي ئۇيغۇر قىزى،
بىلمىدىم، بويارسەن كۆزۈڭنى قانداق،
كۆك تۇرسا چەت ئەللىك خېنىمنىڭ كۆزى.

* * *

تېگىشمەسمەن شائىرلىقىمنى،
تاجۇ تەخت، مەنسەپ ـ ئەمەلگە.
ئارمىنىم شۇ مىسرالىرىمدىن،
كۇيلەر تۆكسەم ئانا ۋەتەنگە.

*   *   *

«بەگ» لىكنىڭدىن بەك ماختانما خوجام،
نى - نى بەگ ئۆتكەن چۆرۈپ ئالەمنى،
ئەل - يۇرت نىشانسىز بەگلەردىن كۆرە،
ئەسلەر تاشۋايدەك ئاددىي ئادەمنى.

*   *   *

قاندىكى ماي تەركىب كۆپىيىپ كەتكەچ،
بەزىلەر ئىزدەيدۇ گۆش - مايسىز تاماق.
قۇۋۋەتچۇن بەزىلەر ئاجىز بەدەنگە،
تاپالماس ھەتتاكى تۆت سەر بەز بىراق.

*   *   *

دۇشمىنى تىكەن باغۇچىمەنىنىڭ،
ھالىغا ۋايدۇر هارام يېگەنىنىڭ،
ئىشى ئىلگىرى كەلمەس ھېچقاچان،
تەكەببۇرلىشىپ مەن - مەن دېگەنىنىڭ.

*   *   *

يۇرۇپمەن تانسىدا، شارابتا، چايدا،
پۇتلىرىم ئۇسسۇلدا، تىلىم «ناي - ناي»دا،
غەپلەتتىن ئويغىنىپ ئەمدى ئويلانسام،
مەن قايدا؟ ئۆزگىلەر يۇرۇپتۇ ئايدا.

*   *   *

قىياپەت باشقا گەپ، ماھىيەت باشقا،
باشلىنىش باشقا گەپ، ئاقىۋەت باشقا.
تۇرقىمىز قاملىشىپ كىدەيگەن بىلەن،
سۆلەت ئۇ باشقا گەپ، قابىلىيەت باشقا.

* * *

يۇقىرى - تۆۋەننى ئاخىر ئازدۇرۇپ،
تاپتىم بىر كىچىكرەك ئەمەل لاپ ئۇرۇپ،
ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر» سايلاندىم تېخى،
خۇلاسە يازالماي خەققە يازدۇرۇپ.

* * *

تىلەمچىنى كۆرۈپ يولدا ئەي كاتتا ئەرباب،
«داپشاق، قېلىن، تىرىكتاپ» دەپ كەتتىڭىز قاقشاپ،
ئۇ ئاشكارا، سىز خۇپىيانە پەرق شۇ پەقەت،
نەپ ئېلىشتا قالىسىلەرغۇ ئۆزئارا ئوخشاپ.

* * *

سۆز باشلار بەزىلەر غەيرەت - ماداردىن،
داۋاملىق ئىش - ئەمگەك ئەجىر - جاپادىن.
لېكىننزە ياتقىنى ئاجايىپ قىزىق،
يانپاشنى ئالالماي لۆم - لۆم ساپادىن.

* * *

شائىرنى كۆرسەم شېئىر يازسام دەيمەن،
شوپۇرنى كۆرسەم رول تۇتسام، دەيمەن.
ئاشۇ تەقلىدتە ئەللىككە كىردىم،
ياستۇقنى كۆرسەم ئۇخلىسام دەيمەن.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

# ھەسەتخورلار

(ساتىرىك شېئىرلار)

ئاپتورى: ئابدۇۋەلى راخمان (ھەققانىي)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم 1/32 باسما تاۋقى: 8
2011- يىلى 4- ئاي 1- نەشرى
2011- يىلى 4- ئاي 1- بېسىلىشى

ISBN 978—7—5631—2467—1
باھاسى: 22.00 يۈەن

1973 -يىلىدىن 1975 -يىلىغىچە گەزلىك يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1975 -يىلىدىن1990 -يىلىغىچە قايتا قۇرۇلغان ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللۇق خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1990 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە ئىلگىرى -كېيىن بولۇپ ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى، كەلپىن بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ دائىمىي رەئىسى، گەزلىك يېزىسىنىڭ يېزا باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

1996 -يىلىدىن2003 -يىلىغىچە ناھىيەلىك مەدەنىيەت -تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،ناھىيەلىك مائارىپ، مەدەنىيەت ، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەردە بولۇپ ، 2003 -يىلى كەلپىن ناھىيەلىك مەدەنىيەت- تەنتەربىيە ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن پېنسىيەگە چىققان. ئاپتور1970 -يىلى« ئاقسۇ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان«مېنىڭ قەلبىم»ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان. ئۇ ئىجاد قىلغان 300 پارچىدىن ئارتۇق سەھنە ئەسىرى ھەر دەرىجىلىك سەھنىلەردە ئوينالغان، 300 پارچىدىن ئارتۇق ساتىرىك شېئىر، ھېكايە ، پۇبلىستىك ماقالىلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان . بۇ قېتىم ئۇنىڭ 130 پارچىدىن ئارتۇق ساتىرىك شېئىرى مەزكۇر توپلامغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: زۇلقەر ئېلانچىلىق شىركىتى

ISBN 978-7-5631-2467-1
9 787563 124671 >
定价：22.00